# ئىزدىنىش

(تاللانما)

جكپ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

4

1995

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1995-يىل 4-سان

(ئومۇمىي 82-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 3-، 4-، 5-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە

**تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرايلى**
**ۋۇ باڭگو** ...................................... (2)

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى
— پارتىيە تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا .................. **خۇ شېڭ** (23)

**جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش**

دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا
**لو شياۋفەن، جۇ فايۇن، لو خۇڭچۈەن** ...................................... (38)

**★4-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشىردىن چىقتى★**

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سېستېمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرايلى*

ۋۇ باڭگو

مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسلىسى توغرىسىدا، ئىقتىساد-سودا سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ مەسلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

## 1. تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم

يېقىندا يېپىلغان مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىغىن. يىغىندا بىر يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئىلمىي هالدا تەھلىل قىلىنىپ، 1995-يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بەلگىلەندى، 1995-يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ۋە سىيا-سەت تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي ئىقتىسادىي خىز-مەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىقتىساد-سودا سىستېمىسى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى كۆزدە تۇتقاندا، مېنىڭچە، نۆۋەتتىكى ئۈچ مۇھىم مەسىلىدە، تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

---

• بۇ ماقالە يولداش ۋۇ باڭگونىڭ 1994-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى مەملىكەتلىك ئىقتىساد-سودا خىزمەت يىغىنى يېپىلغاندا قىلغان سۆزى.

**(1) پۇل پاخاللىقنى تىزگىنلەش مەسلىسى توغرىسىدا.** پۇل پاخاللىقنى تىزگىنلەپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زور بىر مەسىلە. پۇل پاخاللىقنى تىزگىنلەش توغرىسىدا، مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى ئېنىق بەلگىلىدى: بىرىنچى، پۇل پاخاللىقنى تۈزەشنى 1995-يىللىق ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ باش ۋەزىپىسى قىلىپ، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجىمىنى 13% ئەتراپىدا تىزگىنلەشكە تىرىشىشنى بەلگىلىدى؛ ئىككىنچى، پۇل پاخاللىقنى تۈزەشنى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئۈچىنچى، پۇل پاخاللىقنى تىزگىنلەشنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم فاڭجېن ئىكەنلىكىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى.

بۇگۈن يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ كۆپىنچەڭلار يەرلىكتە ئىشلەيسىلەر، ئۆزەڭلار ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ ”ئالدىنقى سېپى“دە تۇرغاچقا، پۇل پاخاللىقنىڭ زىيىنىنى بىۋاستە ھېس قىلالايسىلەر. بۇ قېتىمقى پۇل پاخاللىقى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا، مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچى، داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن، ئۇدا ئىككى يىلدەك ۋاقىت داۋاملاشقان؛ ئىككىنچى، ئۆرلەش ھەجمى چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايلىق ئايلانما نىسبىتى توختىماي ئېشىپ، ئايمۇ ئاي ئۆرلەپ ماڭغان؛ ئۈچىنچى، باھانىڭ ئۆرلىشى دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىغا مەركەزلەشكەن، پۈتكۈل پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلىشىدە يېمەكلىكلەرنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى 60% ئەتراپىغا يەتكەن. خەلق ئۈچۈن يېمەكلىك ھەممىدىن مۇھىم، پۇل پاخاللىقى ھەممە كىشىنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدۇ، كىرىمى ئاز ئامما تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايوندىمۇ كىرىمى ئاز ئامما بار، ھازىر ئامما ھەر خىل مەسىلىلەر ئىچىدە پۇل پاخاللىشىش مەسىلىسىگە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. بۇ بىر جەھەتتىكى تەسىرى، يەنە بىر جەھەتتە، پۇل پاخاللىقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ناھايىتى زور زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، بايلىقنىڭ تەقسىملىنىشىنى خاتا يولغا يېتەكلەيدۇ، مەنپەئەت تۈزۈلمىسىنى بۇرمىلايدۇ، جەمئىيەتتە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا پاراكەندە قىلىدۇ. شۇڭا، پۇل پاخاللىقنى تىزگىنلەش ئومۇمىي ۋەزىيەتكە چېتىشلىق ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ تونۇشى بىردەك بولمىسا، پۇل پاخاللىقى داۋاملىق ئېغىرلىشىپ كەتسە، ئۇ ھالدا، ئۇ يالغۇز ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئومۇمىيلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سىياسىي مەسىلىمۇ بولۇپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا، يولداش جياڭ زېمىن، پۇل پاخاللىقىنى ھەل قىلىش يەرلىكنىڭ ئىشى ئەمەس، مەركەزنىڭ ئىشى، دەپ قارايدىغان قاراشنى تەنقىد قىلدى. ئوخشاشلا، بىزنىڭ ئىقتىسادىي-سودا سىستېمىسىدىكى يولداشلار، جۈملىدىن كارخانىلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارمۇ، پۇل پاخاللىقىنى تۈزەشنى بېزا ئىگىلىك، ئوبوروت، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭلا ئىشى، سانائەت كارخانىلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق، ئىقتىساد-سودا خىزمىتى بىلەن ئالاقىسى يوق، دەپ قارىماسلىقى كېرەك. پۇل پاخاللىقىنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمىلىك، لېكىن چوڭقۇر قاتلامدىكى سەۋەبىدىن قارىغاندا، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ تېگىشلىك دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، بەزى كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىغاچقا، باھا ئىسلاھاتىدىن كۆپەيگەن تەننەرخنى ھەزىم قىلىشقا كۈچى يەتمەي، مەھسۇلاتىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە باش قاتۇرغان، نەتىجىدە مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولغان؛ بەزى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتى ئېغىر ھالدا بېسىلىپ قېلىپ، نۇرغۇن مەبلەغنى ئىگىلىگەن، بۇنداق كارخانىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، تەتۈر مەجبۇرلاش مېخانىزمى شەكىللىنىپ، پۇل تەمىنلەش مىقدارىنى كۆپەيتمەي مۇمكىن بولمىغان، مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولۇپ كەتكەن، چوڭ ھەم تولۇق، كىچىك ھەم تولۇق بولسۇن دەپ، ئۈنۈمگە قارىماي تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، بايلىق مەنبەسىنى ئىسراپ قىلغان. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، مەبلەغ سېلىش ئوبيېكتى ئېنىق بولمىغان، مەبلەغ سېلىش خەۋپىنى كۆتۈرۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تېخى ھەقىقىي تۈردە ئورنىتىلمىغان، بۇنىڭ بىلەن مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى تىزگىنسىز بولۇپ كېتىپ، پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ بەزى كارخانىلارنىڭ چەكلەش مېخانىزمى مۇكەممەل بولمىغان، ئىستېمال فوندىنى دۆلەت بەلگىلىگەن "ئىككى تۆۋەن بولۇش" تەلپى بويىچە تىزگىنلىمەي، بەلكى مۇئاشنى، مۇكاپات سوممىسىنى قالايمىقان تارقاتقان، ۋەھاكازالار. كارخانىلاردىكى بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى پۇل پاخاللىقىنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇل پاخاللىقىنى تۈزەش بېزا ئىگىلىك، ئوبوروت، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭلا ئىشى بولماستىن، ئىقتىساد-سودا سېپىدىكى كەڭ كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭمۇ ۋەزىپىسى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەشتە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى بار. كارخانىلار نەزىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئىچكى ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، مېخانىزمنى يەڭگۈشلەش قەدىمىنى تېزلىتىشى، تەننەرخنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىپ، باھانى ئۆرلىتىش ئامىللىرىنى تۈگىتىشى لازىم، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈمىدىنى قالايمىقان باھا ئۆستۈرۈشكە قويماسلىق كېرەك. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە،

بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، زىرەك كارخانىچىلار، كۆپ چاغلاردا، باشقىلار باھانى ئۆرلىتىۋاتقان چاغدا، يالغۇز ئۆزى باھانى ئۆرلەتمەي، سۈپەتلىك، تۆۋەن باھالىق مەھسۇلاتى ئارقىلىق بازارنى كېڭەيتىپ، بازار ئىگەللەيدۇ. بىز پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەشنى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش، بازارنى تۇراقلاشتۇرۇش، پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش ئىشلىرىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدا، ئاز مەبلەغ بىلەن كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل چارە-ئامااللار بىلەن ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ تىجارەت ھالقىسىدا، بازار ئېغىنى كۆچەيتىپ، تىرىشىپ ئامباردا ساقلاش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، مالنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى ئازايتىشى، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش بازىرىنى تىرىشىپ كېڭەيتىشى كېرەك؛ تەرەققىيات ھالقىسىدا، ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، قارىمىلىق قىلىپ يېڭى ئورۇن كۆپەيمەسلىكى، "قارماق بىلەن بېلىق تۇتۇش" قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك، ھازىرقى باز كارخانىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشكە تايىنىپ، ئىچكى ئامىل جەھەتتىن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك؛ ئىستېمال ھالقىسىدا، "ئىككى تۆۋەن بولۇش" پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، يەنى ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئېشىشى كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئېشىش ھەجمىدىن تۆۋەن بولۇش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمەلىي ئىش ھەققىنىڭ ئېشىشى كارخانا ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىش ھەجمىدىن تۆۋەن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجىشى كېرەك، ئىسراپخورلۇق قىلىشقا، قالايمىقان ئىش ھەققى، مۇكاپات سوممىسى تارقىتىشقا بولمايدۇ.

**(2) ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا.**

مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى 1995-يىللىق ۋە بۇندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي خىزمەتلەر توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم بىر يېتەكچى پرىنسىپنى، يەنى ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا مۇنداق بىرقانچە تەلەپ ئېنىق بەلگىلەندى: بىرىنچى، 1995-يىلدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن خېلى زور دىققەت-ئېتىبارىنى ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىشقا قارىتىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىدا يىرىك ئىگىلىك باشقۇرۇش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى ئاساس قىلىشتىن تۈجۈپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشقا بۇرۇلۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ۋە ئاساسلىق مەسىلە-سى؛ ئۈچىنچى، بۇ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى باھالاش ۋە سىناشنىڭ باش ئۆلچىمى قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىدە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ مۇھىم مەسىلە سۈرئەتنىڭ تېز ئەمەسلىكىدە بولماستىن، بەلكى سۈپەت ۋە ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىدا. بۇنداق ئەھۋال، بىرىنچىدىن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، مەھسۇلات بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ، ئېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى ئېغىر. يېقىندا بىرنەچچە ئۆلكىنى ئارىلاپ چىقتىم، مۇنداق بىر ئۆلكە بار ئىكەن، ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ 20 پىرسەنتى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق كېلىدىكەن، 50 پىرسەنتى ئادەتتىكىدەك ئەھۋالدا ئىكەن، 30 پىرسەنتىنىڭ بازىرى كاسات ئىكەن. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال ئۇزاققىچە داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قىيىن بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەمگەك ئۈنۈمدار-لىقى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ پولات-تۆمۈر سانائىتىدە ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا 20 — 40 توننا پولات ئىشلەپچىقىرىدۇ، خەلقئارادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە بولسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 500 — 800 توننا پولات ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئېلىمىزدە 1 مىليارد 200 مىليون توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 7 مىليون ئادەم ئىشلىتىلگەن، ئامېرىكىدا بولسا 1 مىليارد توننا تاۋار كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن پەقەت 150 مىڭ ئادەم ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن ئېلىمىزنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پەن-تېخنىكا تەرەققىيات ئامىلى تۆۋەن، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇمچە قىممىتى تۆۋەن بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بىز ھەر يىلى تەخمىنەن 1 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا توختايدىغان كىيىم-كېچەك، توقۇلما بۇيۇملىرىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىمىز، چەت ئەللەرگە چىقىرىلغان كىيىم-كېچەكنى ئالساق، ھەر بىر دانىسى ئوتتۇرىچە ئۈچتە نەچچە ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىلىدۇ، غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ چەت ئەللەرگە چىقارغان كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ھەر بىر دانىسى بولسا ئوتتۇرىچە 80—100 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىلىدۇ. ئېلىمىزدە تېخنىكا تەرەققىيات ئامىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشكە قوشقان تۆھپە نىسبىتى پەقەت 28 پىرسەنت ئەتراپىدا بولۇپ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ 50 — 70 پىرسەنتلىك سەۋىيىسىدىن خېلىلا كۆپ تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ 30 پىرسەنتلىك سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەن. تۆتىنچىدىن، ماددىي ئەشيا ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، ئېلىمىزدە بىرلىك GNP ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئېنېرگىيىنىڭ سەرپىيات مىقدارى

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

ئامېرىكىنىڭكىدىن 3 ھەسسە ئەتراپىدا كۆپ بولىدۇ، بىرلىك GNP ئۈچۈن پولاتنىڭ سەرپىيات مىقدارى ئامېرىكىنىڭكىدىن 6 ھەسسە ئەتراپىدا كۆپ بولىدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللار ئېلىمىز ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، بىز مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، بىر ئامال قىلىپ "ئۈچ ئۈنۈم"نى، يەنى قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئۈنۈمى، كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۈنۈمى ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىيات ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش دېگەنلىك، كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ھالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر؛ كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش دېگەنلىك، كۆلەملىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭ كارخانىلار گۇرۇپپىسىنى قۇرۇش يولىدىكى سىناق خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش، چوڭ كارخانىلار گۇرۇپپىلىرىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، كەسپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق، رايون، كەسپلەردىن ئاتلايدىغان، سانائەت، تېخنىكا، سودا، پۇل مۇئامىلە بىرلەشكەن كارخانا گۇرۇپپىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، دېگەنلىكتۇر؛ پەن-تېخنىكا تەرەققىيات ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش دېگەنلىك، ھازىرقى بار كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، پەن-تېخنىكىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

قىسقىسى، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇرۇش ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشقا، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىش، مەيلى ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى ستراتېگىيىسى جەھەتتىن قارايلى، ياكى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىدىن قارايلى، ئۇ ئىنتايىن زور ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. جايلار، تارماقلاردىكى يولداشلار تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇپ، بۇ خىزمەتنى ئىنتايىن مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى ۋە سۈرئىتىنى قارىغۇلارچە قوغلىشىدىغان خاھىشنى تۈگىتىپ، ئاز مەبلەغ سېلىش بىلەن تېز ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىش، سۈپەت ياخشى، سەرپىيات تۆۋەن،

www.uyghurkitap.com

ئۈنۈم يۇقىرى بولۇشتەك تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك.

**(3) دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى 1995-يىللىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا.** كارخانا ئىسلاھاتىنى 1995-يىللىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇھىم تەدبىرى. چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەركىزىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان مەركىزىي نۇقتا بولۇپ قالدى. كارخانا ئىسلاھاتى ئىقتىساد-سودا سىستېمىسىنىڭ 1995-يىلدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمىتىدۇر.

كارخانا ئىسلاھاتىنى تونۇش مەسىلىسىدە، مېنىڭچە مۇنداق بىرقانچە مەسىلىنى نۇقتىلىق سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى مەسىلە — تەخىرسىزلىك مەسىلىسى. بۇ يەردە مۇنداق ئۈچ گۇرۇپپا سان-سىفىرنى تەھلىل قىلساق بولىدۇ. بىرىنچىسى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1993-يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى سانائەت كارخانىلىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇنداق بولغان: كارخانا سانى 19.35 پىرسەنتنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى 57.34 پىرسەنتنى، مۇلۇكنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 69.54 پىرسەنتنى، سېتىش كىرىمى 62.32 پىرسەنتنى، سېتىش باج سوممىسى 73.60 پىرسەنتنى، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 54.92 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. بۇ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تايانچىسى ۋە تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى، دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىككىنچىسى، نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ زىيان تارتىش دائىرىسى 43.4 پىرسەنتكە يەتكەن. بۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلە بارلىقىنى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۈچىنچىسى، 1994-يىل 1-ئايدىن 11-ئايغىچە ئېلىمىزنىڭ يېزا دەرىجىلىك ۋە يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 20.87 پىرسەنت ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ 30.88 پىرسەنت ئاشقان، باشقا ئىگىلىك تىپلىرىنىڭ 46.46 پىرسەنت ئاشقان، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بولسا ئاران 5.79 پىرسەنت بولغان. بۇ ئۈچ گۇرۇپپا ساندىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر تەرەپتىن، دۆلەت كارخانىلىرى ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى، مالىيە كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ تۇرماقتا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت كارخانىلىرى ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ

رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇۋاتىدۇ. غەربتىكى سىياسىيونلار، جۇڭگو ئىقتىسادىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتىن باشقا يول يوق، دەپ ئۇزۇپ ئېيتقاندى، شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ياخشى يولغا قويۇش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرغىلى بولۇش-بولماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تۈپ تۈزۈمنى مۇستەھكەملىگىلى بولۇش-بولماسلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، بىز دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە قاتارىدا ئەستايىدىللىق بىلەن چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇھىم تەدبىرى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى، باشلامچى تارماق بولغان ئىقتىساد-سودا كومىتېتى ھەرقايسى تارماقلارغا يېقىندىن تايىنىپ، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەرقايسى تارماقلار كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئورتاق قاتنىشىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، كارخانا ئىسلاھاتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئىككىنچى، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مۇشكۈللۈكىنى تولۇق بىلىش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش ئۇزاق مۇددەتلىك بىر ۋەزىپە. مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك، دەپ ۋاقىت چېكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش جياڭ زېمىن: بىر-ئىككى يىلدا تۈگىمىسە، 4-5 يىل ئېلىپ بېرىش كېرەك، بىرنەچچە جەڭ ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك،دەپ تەكىتلىدى. بۇ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مۇشكۈللۈكىنى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەۋەبى ناھايىتى ئېنىقكى، بىرىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان، ”قېلىن مۇز بىر كۈندىلا قاتقان ئەمەس“، تارىخىي جەريانىدا يىغىلىپ قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر تارىخىي جەريان بولۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، ھازىرقى دۆلەت كارخانىلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەسىلە نوقۇل كارخانا مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى خەلق ئىگىلىكىدىكى تۈرلۈك چوڭقۇر قاتلامدىكى مەسىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئىنكاسى بولۇپ، بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچى، دۆلەت، كارخانا ۋە جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. مەسىلەن كارخانا ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاشقا توغرا كەلسە، كارخانا ۋەيران بولغاندىن كېيىن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش جەھەتتىكى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئويلىنىش كېرەك. قىسقىسى،

www.uyghurkitap.com

دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە مۈشكۈللۈكىنى سەگەكلىك بىلەن بىلىشىمىز، ھەم تەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەپ، مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىشىمىز، ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. كارخانا ئىسلاھاتىنى بىرلا ئەجىر بىلەن ئورۇنداپ بولۇشنى، بىردىنلا ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاشۇرۇش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ كېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىمىز دېسەك، بۇنىڭ ئاچقۇچى چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشتا؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىمىز دېسەك، بۇنىڭ ئاچقۇچى چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشتە؛ 21-ئەسىردىكى كەسكىن خەلقئارا ئىقتىسادىي رىقابەتتە پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلەيمىز دېسەك، بۇنىڭ ئاچقۇچى چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشتە، دەپ "ئۈچ ئاچقۇچ"نى ئوتتۇرىغا قويغان. مېنىڭچە، بىز بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئوخشاشلا خېلى ياخشى باشقۇرغىلى بولىدۇ دەيدىغان ئىشەنچنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. 80-يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزدە مېخانىزمى جانلىق، ئۈنۈمى ياخشى، ئىچكى بازاردا ۋە خەلقئارا بازاردا ئابرويغا ئىگە زور بىر تۈركۈم دۆلەت كارخانىلىرى مەيدانغا كەلدى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى، يېتەكچى ئىدىيىسى، يولى ۋە ئۇسۇلى ئېنىق بەلگىلەنگەن ھازىرقى ئەھۋالدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيدىغانلا بولساق، دۆلەت كارخانىلىرىدا ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى چوقۇم ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز، دۆلەت كارخانىلىرىنى چوقۇم ياخشى يولغا قويالايمىز.

## 2. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چوڭ—ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى يولغا قويۇش لازىم

مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى، 1995-يىللىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت، دەپ قارار قىلدى. بۇ

جەھەتتە، بىز نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، خېلى ياخشى ئاساس ۋە شارائىتقا ئىگە بولدۇق. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 15 يىلدىن بۇيان، كارخانا ئىسلاھاتى ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق باسقۇچلارنى باشتىن كۆچۈردى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ياخشى يولغا قويۇلغان زور بىر تۈركۈم چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلار ئوتتۇرىغا چىقتى، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبىلەر توپلاندى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار» كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇ-رۇشنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسەتتى. 1994-يىلدىكى مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلە، تاشقى پىرېۋوت قاتارلىق بەش تۈرلۈك ماكرولۇق ئىسلاھات تەدبىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى ۋە ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىمۇ 1995-يىللىق كارخانا ئىسلاھاتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ياراتتى. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە، دۆلەت ئىقتىساد-سودا كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، ھەممىدە يېقىندا چاقىرىلغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى نۇقتىلاردا سىناق قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، بۇ قېتىمقى ئىقتىساد-سودا خىزمەت يىغىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت پەيدا بولدى. بۇ يەردە، كارخانا ئىسلاھاتى خىزمىتى توغرىسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن.

**(1) دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى نۇقتىلاردا سىناق قىلىش ئىشىنى ھە-ھۇ بىلەنلا ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكىمۇ بولمايدۇ، بەلكى نۇقتىلاردا سىناق قىلىش خىزمىتىنى پۇختىلىق بىلەن ياخشى تۇتۇش كېرەك.** بىز سەگەكلىك ھالدا شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، 1995-يىلى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت، ھالبۇكى، پۇل پاخاللىقىنى تۈزەش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۈشكۈل. پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، 1995-يىلى دۆلەت پۇل ۋە مالىيىنى مۇۋاپىق قىسىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى ۋە ئىستېمال فوندىنىڭ تېز ئېشىپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۆۋەتتە كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىگە قەرزدار بولۇش مەسىلىسى كارخانىلارنىڭ نورمال

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچار قىلماقتا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت تەرتىپى نورمال بولمايۋاتىدۇ، بەزى جايلارنىڭ مالىيىسى ھېلىمۇ خېلى قىيىن ئەھۋالدا تۇرماقتا. ئازادە بولمىغان بۇنداق ماكرو ئىگىلىك مۇھىتى كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، كارخانا ئىسلاھاتىنى نۇقتىلاردا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشقا كۈچىمىز يېتىشمەيدۇ، ھەممىسىنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيمىز. يەنە بىر جەھەتتىن، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، كارخانا ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەجرىبىلىرىمىز كەمچىل بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، سىناق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش 1995-يىللىق كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. گوۋۇيۈەن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش سىناق نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىگەن 100 كارخانا، كارخانىلار گۇرۇپپىسى قۇرۇش سىناق نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن 56 كارخانىلار گۇرۇپپىسى، پاي ھوقۇقىنى دۆلەت كونترول قىلىدىغان شىركەتنى قۇرۇش سىناق نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىگەن 3 شىركەت ۋە كارخانىلاردا ”كاپىتال قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش“ سىناق نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىگەن 18 شەھەرنىڭ سىناق خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى تۇتۇش، بولۇپمۇ سىناق قىلغۇچى 100 كارخانا ۋە 18 شەھەرنىڭ سىناق خىزمىتىنى يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتلار ئارقىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك.

سىناق بولغاندىكىن، ھەقىقىي سىناق قىلىش كېرەك، شەكىلۋازلىق قىلىپ، رەسمىيەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. زىددىيەت ۋە قىيىن مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماي، ھەقىقىي كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىناق قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش كېرەك. ھازىر دۆلەت كارخانىلىرى ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىقلارغا، مەسىلەن تارىخىي يۈكى ئېغىر بولۇش، مۈلۈكنىڭ قەرزدار بولۇش نىسبىتى تولىمۇ يۇقىرى بولۇش، كۆچمە مەبلەغكە ئىگىدارلىق قىلىش نىسبىتى تولىمۇ تۆۋەن بولۇش، ئارتۇق خادىملار تولىمۇ كۆپ بولۇش، ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىپ يۈكى بەك ئېغىر بولۇپ كېتىش، تېخنىكا جابدۇقلىرى قالاق بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئايرىلماسلىق، مەبلەغ سالغۇچى ئوبيېكتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېنىق بولماسلىق، زىيان تارتىش دائىرىسى كەڭ بولۇش، ئۆزئارا قەرزدار بولۇش ئەھۋالى ئېغىر بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. ھازىر بۇ مەسىلىلەرنى تولۇق ھەل قىلىشنىڭ شارائىتى تېخى ھازىرلانمىدى، لېكىن سىناق قىلغۇچى 100 كارخانا دائىرىسىدە پائال ئىزدىنىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك، ھەممە مۇشۇ قىيىن مەسىلىلەردە بىر قەدەر زور بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. مەسىلەن كارخانا مۈلكىنىڭ قەرزدار بولۇش نىسبىتىنىڭ

بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا؛ ”كۆپ تەرەپتىن تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تارىخىي قەرزى ۋە ئىجتىمائىي يۈكى مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت ئىشلىرىدىكى قىيىنچىلىقنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم“ دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش لى پېڭ ئۆز سۆزىدە بۇ مەسىلە توغرىسىدا تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ ئېنىق پىكىر بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ”كېلەر يىلى بىر قىسىم شەھەر ياكى كارخانىلارنى تاللاپ، مالىيە، بانكا ۋە دۆلەت كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدا كارخانا قەرزىنى ئېنىقلاش ۋە قايتا تەشكىللەش بويىچە سىناق ئېلىپ بارسا بولىدۇ.“ يۇنۇلۇش ئايدىڭلاشتى، ئەمدى بىزنىڭ ۋەزىپىمىز زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى سىناق قىلىش ئارقىلىق، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت، بۇ پىكىرلەر 1995-يىلى سىناق قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىمىزنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى بولۇشى كېرەك.

كارخانا ئىسلاھاتى بىر سىستېما قۇرۇلۇشى. تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتلارنى چىڭ تۇتۇپ، كارخانا ئىسلاھاتى بىلەن ماكرو ئىسلاھاتنى، كارخانا ئىسلاھاتى بىلەن باشقا تۈرلۈك يۈرۈشلەشمە ئىسلاھاتلارنى، كارخانا ئىسلاھاتى بىلەن كارخانا تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇپ تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىش كېرەك، بولۇپمۇ مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە، سىناق خىزمىتىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. 100 كارخانىدىكى سىناق خىزمىتىگە ماسلىشىدىغان 12 قائىدە-نىزامنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، كارخانا ئىسلاھاتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

قىسقىسى، كارخانا ئىسلاھاتى بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، يېڭى مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش مېخانىزمى، ياخشىلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ، ناچارلىرىنى شاللاپ چىقىرىش مېخانىزمى، ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن چەكلەش بىرلەشتۈرۈلگەن مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈپ، مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولغان، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت روشەن بولغان، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن، باشقۇرۇش ئىلمىي بولغان زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئومۇمىي دائىرىدىكى كارخانا ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تەجرىبىلەرنى توپلاپ، تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

**(2) دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.** سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، كەسكىن بازار رىقابىتى داۋامىدا ياخشىلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ، ناچارلىرىنى شاللاپ چىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش

ئامىللىرىنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بازار پرىنسىپى ئارقىلىق ئۈنۈمى ياخشى كارخانىلارغا قاراپ يۆتكىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ سەرخىللىشىش ئاساسىدا بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، بۇ دېگەنلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا بولغان ئەھۋال ئاستىمۇ، يەنە بەزى كارخانىلار ۋەيران بولۇپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىدۇ، دېگەنلىكتۇر. پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەرنى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارنى يۆلەش، يەنى بىر تۈركۈم كارخانىلار گۇرۇپپىلىرىنى يۆلەش مەسىلىسى ئالدىمىزغا قويۇلدى. ئۈستۈنلۈككە ئىگە بۇ كەسىپ ۋە كارخانىلارنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق: بىرىنچى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىغا چېتىشلىق، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كارخانىلار؛ ئىككىنچى، مۇھىم كەسىپلەردىكى باشلامچىلار؛ ئۈچىنچى، خېلى زور ئىقتىسادىي كۆلەمگە ئىگە، مۈلكى ۋە پايدا- باج سوممىسى كۆپ كارخانىلار. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 500 چوڭ سانائەت كارخانىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئائىت سانلىق مەلۇماتنى كۆرۈپ باقايلى، بۇ 500 چوڭ كارخانا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 0.7 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي مۈلۈك سوممىسى 37 پىرسەنتىنى، سېتىش باج سوممىسى 46 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي پايدىسى 63 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۇ 500 كارخانا خەلق ئىگىلىكىدىكى ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئاز سانلىق، بۇ كارخانىلار تۇتۇلسا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ چوڭ قىسمى تۇتۇلغان بولىدۇ.

مۇھىم نۇقتا بولغان بۇ 500～1000 چوڭ كارخانىنى ياخشى تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى بۇ كارخانىلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى يەنە شۇ يەردىكى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە بۇ كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي كۆلىمىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، مۈلۈك رىشتىسىنىڭ باغلىنىشى ئارقىلىق، زور بىر تۈركۈم كارخانىلار ئالغا سۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بىر قىسىم ناچار كارخانىلارنىڭ تاقىلىش، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش، قوشۇلۇش ۋە باشقا كەسىپكە بۇرۇلۇشىغا زېمىن تەييارلاپ بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ 500～1000 كارخانىلارنىڭ كېڭىيىپ تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق، پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكى پەيدىنپەي ياخشىلىنىدۇ ۋە جانلاندۇرۇلىدۇ.

نۇقتىلىق كارخانا ۋە كارخانىلار گۇرۇپپىلىرىنى ياخشى تۇتۇشتا، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كارخانىچىلارنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يولداش لى پېڭ، كارخانىلارنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى ياخشى بىر رەھبەرلىك بەنزىسى، ياخشى بىر مەھسۇلات ۋە ياخشى بىر مېخانىزمنىڭ بولۇشىدا، دەپ كۆپ قېتىم كۆرسەتتى. ھەرقانداق تاشقى مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشىمۇ كارخانىچىلارنىڭ

رولىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بىلىدىغان، كەسپلەشكەن زور بىر كارخانىچى-لار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كارخانا باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇشنىڭ ئاساسى، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. كارخانىچىلار كۈچلۈك ئىشچانلىقىغا، ياخشى سىياسىي، كەسپىي سۈپەتكە ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى، بازار ئىگىلىكىنى بىلىشى كېرەك. كارخانىچىلار ئۆز سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، كۆزقارىشىنى يېڭىلاش ۋە ئىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا پايدىلىق مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشمۇ كېرەك. جايلار كارخانىلاردىكى زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتورلارنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش چارىلىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشى، كارخانىلاردىكى ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ تەكلىپ قىلىش، سىناش تۈزۈمى ۋە چارىلىرىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، مۇناسىپ ھالدا ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمى ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

**(3) مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش، قايتا تەشكىللەش ۋە ئۆزگەرتىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەش-تۈرۈش كېرەك.** دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش، كارخانىلارنىڭ ساپاسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، كارخانىلارنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىسلاھاتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشنىڭمۇ ئۆلچىمى. كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى مەغلۇب بولغانلىقىنى ئۆلچەشتە، يەنىلا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقان ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“، يەنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش تەلىپىنى ئاساس قىلغان تۈزۈك. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا يالغۇز مۈلۈك ھوقۇقى ئۈستىدىلا توختاپ قېلىشقا بولمايدۇ، بەلكى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش پىلانىغا ئاساسەن، قۇرۇلمىنى تەڭشەش بىلەن كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە، تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى بەكرەك تەكىتلەپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىقتىسا-دىي خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: ”ھازىرقى بار كارخانىلارنى ئاساس قىلىپ ئىش كۆرگەندە، شۇنىڭغا ئوخشاش يېڭى كارخانىلارنى قۇرۇشقا قارىغاندا، زور مىقداردىكى مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېز ئۈنۈم كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىرقى بار كارخانىلارنىڭ ۋە كونا سانائەت

www.uyghurkitap.com

بازىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئىشىنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. بىر پارچە ماقالىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، 1984-يىلىدىن 1994-يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە، ئېلىمىزدە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 1 يۈەن سېلىنغان بولسا، 2 يۈەنلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان، 4 — 6 موچەن پايدا-باج يارىتىلغان، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قارىغاندا، سېلىنغان مەبلەغ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆلەمدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغىنىڭ 40 پىرسەنتىگىلا تەڭ كەلگەن، مەھسۇلات قىممىتى، پايدا-باج سوممىسى بولسا يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭكىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى بولغان، قۇرۇلۇش ۋاقتى يېرىم قىسقارغان. يەنسەن نېفىت خىمىيە شىركىتى 300 مىڭ توننىلىق ئېتېن ئۈسكۈنىسىنى 450 مىڭ توننىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىپ، مەھسۇلاتىنى 150 مىڭ توننا ئاشۇرغان، بۇنىڭغا 2 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 28 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلغان؛ يىلىغا 140 مىڭ توننا ئېتېن ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر يېڭى كارخانا قۇرۇش ئۈچۈن 6～7 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن، قۇرۇلۇش ۋاقتى 4～5 يىل بولىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېخنىكا ئۆزگەرتىشنىڭ قەدىمىنى چوڭايتىپ، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى ئاشۇرساق، خەلق ئىگىلىك يۈكسىلىشىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

ئىككىنچى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەرگە ۋە كارخانىلارغا ئېغىتىش تېخنىكا ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى. بىر تۈركۈم نۇقتىلىق كارخانىلارنى تاللاپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئۆسۈش نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە زور مەدەت بېرىش كېرەك. ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەر ۋە كارخانىلارغا ئېغىش ئارقىلىق، پۈتكۈل كەسىپنىڭ تېخنىكا بىلەن جابدۇنۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى ئاشۇرۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئىشىنى يەنە 18 شەھەر ۋە 100 كارخانىنىڭ سىناق خىزمىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشتە «ئۈچ بۆرۈلۈش»نى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەبلەغ سېلىش ئوبيېكتى جەھەتتە، ھۆكۈمەتنى ئاساس قىلىشتىن كارخانىنى ئاساس قىلىشقا بۆرۈلۈش كېرەك، بۇ، كارخانىلارنىڭ ئۆز جۇغلانمىسىنى ئاشۇرۇپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ، ئۆز ئىگىدارلىقىدىكى مەبلەغنى كۆپرەك سېلىشىنى، كۆڭۈل قويۇپ تۈرلەرنى ياخشى تاللاپ، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئاساس قىلىشتىن سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەشنى ئاساس قىلىشقا بۆرۈلۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ باشقۇرۇش دائىرىسى جەھەتتە، نوقۇل ھالدا دۆلەت كارخانىلىرىنى

باشقۇرۇشتىن دۆلەت كارخانىلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا پۈتۈن جەمئىيەتنى باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ "ئۈچ بۇرۇلۇش" بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە قويۇلغان يېڭى تەلەپنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يۆنىلىشىدۇر. تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلپىگە ماسلاشتۇرۇپ، بۇ "ئۈچ بۇرۇلۇش"نى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

## 3. ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

1994-يىلى، دۆلەت ئىقتىساد-سودا كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىقتىساد-سودا كومىتېتلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ياقىلاشسىپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى تۇتۇلغانلىقتىن، 1994-يىلى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىدا چوڭ ئۆرلەپ چوڭ چۈشۈشتەك ئەھۋاللار ئازىيىپ، ئىگىلىك مۇقىم تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمەلىيەت داۋامىدا بەزى ئۈنۈملۈك چارە ۋە يوللار تېپىلدى، بەزى تەجرىبىلەر توپلاندى، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس.

خەلق ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش دۆلەت ئىقتىساد-سودا كومىتېتىنىڭ مۇھىم فونكسىيىسى. مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپكە ئاساسەن، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش 1995-يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ ئىقتىساد-سودا كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىكى مۇھىم ئىپادىسى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

1995-يىلى، ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئېغىر ۋەزىپە بولۇپ، ئۇنىڭدا قىيىنچىلىق كۆپ، خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ، بۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشۇڭلار ۋە ئىدىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەھەتتە تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشۇڭلار كېرەك. نۆۋەتتە، ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرماقتا. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى مۇنداق: بىرىنچى، كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ مەسىلىسى. كۆچمە مەبلەغنىڭ قىسلىقى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكاسى بولۇپ تۇرماقتا. ئىككىنچى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى يۇقىرى، ھازىر مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى 21% ئەتراپىدا بولۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان مال باھاسى ئۆرلەش ھەجمى ئەڭ يۇقىرى بولغان مەزگىلدە تۇرماقتا. ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي تەرتىپ ۋە ئوبوروت تەرتىپى يەنىلا بەك قالايمىقان، ئوتتۇرىدىكى ھالقىلار ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇش، سودا قىلىپقا چۈشمەسلىكتەك مەسىلىلەر يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر، ۋەھاكازالار. بۇ مەسىلىلەر 1995-يىلىدىكى ئىقتىسادىي ھەرىكەت تەرتىپىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنىڭ تەسىرى 1995-يىلىمۇ داۋاملىق كۆرۈلىدۇ؛ ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە يەنىلا نۇرغۇن يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، 1995-يىلىدىكى ماكرولۇق مۇھىت كەڭ-ئازادە بولمايدۇ. ئىقتىساد-سودا كومىتېتىدىكى يولداشلار ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە 1994-يىلى قوللىنىلغان ياخشى ئۇسۇللاردا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، قىيىن شارائىتتا ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. بۇ يەردە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

**(1) "ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم" قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.** دۆلەت ئىقتىساد-سودا كومىتېتى بەرپا قىلغان ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنى تۈزۈمى، رايونلارغا بۆلۈپ ئىقتىساد-سودا كومىتېت مۇدىرلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىش تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي ھەرىكەتكە ئالاقىدار كۆرسەتكۈچلەرنى ئايمۇئاي ئۆلچەش-تەھلىل قىلىش تۈزۈمى ھەر تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ئىقتىسادىي ھەرىكەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، ئىچكى سودا، تاشقى سودا قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىشلىق بەزى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. "ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم"نى بەرپا قىلىش ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش ئىشىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ كۈچلۈك ۋاستىسى. "ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم"دە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. نۆۋەتتە، ئۆلچەش-مۆلچەر-لەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش ھالىتى، تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە يوشۇرۇن مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، كۆڭۈلدە سان بولۇش لازىم. ئۆلچەش-مۆلچەر-لەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۆلچەش ۋە مۆلچەرلەش ئۇچۇر سىستېمىسىنى چوقۇم بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىساد-سودا كومىتېتلىرى بۇ سىستېمىنىڭ قۇرۇلۇ-

شىنى تۈرلۈك كەسپلەرنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىي خىزمىتى قىلىپ تۇتۇشى كېرەك. ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا، ئالدى بىلەن ئاساسىي ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى نەق ۋاقتىدا ئەمەلىي ئۆلچەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئۇنىڭ ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، مالىيە، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم قاتارلىق جەھەتتىكى كۆرسەتكۈچلەرگە، شۇنىڭدەك بازار ئوبوروتى ساھەسىدىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنى پارچە سېتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئېلىش-سېتىش، ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىش، مال باھاسى قاتارلىق جەھەتتىكى كۆرسەتكۈچلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى توپلاش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارنى ۋە كەسپلەرنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى نەق ۋاقتىدا ئىزچىل ئۆلچەش كېرەك. ئىقتىسادىي ئۆلچەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ئىلمىي ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئىگەللىگەن ئۇچۇرلارنى ئەستايىدىل رەتلەپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە پەيدا بولغان ۋە كەلگۈسىدە پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھىسىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە لايىھە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ئۈنۈمگە نىسبەتەن كۆڭۈلدە سان بولۇش كېرەك. بۇ لايىھىلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي ھەرىكەت داۋامىدا پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان يوشۇرۇن ئاپەتنى تىرىشىپ بىخ ھالەتتە يوقىتىش كېرەك.

**(2) بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى تەڭشەش-تىزگىنلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.** سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش جەريانىدا، پىلانلىق ئىگىلىككە ماس كېلىدىغان بەزى تەڭشەش-تىزگىنلەش پىشاڭلىرى ئۈزلۈكسىز ئازىيىپ، بازار ئارقىلىق تەڭشەش-تىزگىنلەش پىشاڭلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيىپ بارماقتا. مەسىلەن 90 پىرسەنتتىن يۇقىرى تاۋارلارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، پىلانلىق باھا ئارقىلىق تەڭشەش-تىزگىنلەش كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قانداق قىلىپ مەبلەغ يۆتكەش پىشاڭىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ماددىي ئەشيالار، تاۋارلارنىڭ ئېقىشىنى تەڭشەش-تىزگىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە سېتىش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەش-تىزگىنلەش بارغانسېرى دىققىتىمىزنى تارتىدىغان ۋە ھەل قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەممەڭلار ئومۇمىيۈزلۈك ھېس قىلىۋاتقان پاكىتلار. خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىق مەنبەسى، ئىككى خىل مەبلەغكە يۈزلىنىۋاتقان شارائىتتا، قانداق قىلىپ بازار ئىگىلىكىگە خاس ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنى تىزگىنلەشكە بولىدىغان دائىرە ئىچىدە ئايلاندۇرۇش مەسىلىسىگە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى تەڭشەش-تىز-

گىنلەش داۋامىدا، قانداق قىلىپ ماكرولۇق تەڭشەشنى ئاساس قىلىش، ئالدىدىن تەڭشەشنى ئاساس قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چوڭ ئۆرلەپ چوڭ چۈشۈشتىن ساقلىنىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. قىسقىسى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بازار پىشاڭىنىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ ماڭىدۇ، بازار ۋاستىسى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەلىپى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ، بۇ ئىقتىساد-سودا كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىگە نىسبەتەن يېڭى سىناق بولىدۇ. ئىقتىساد-سودا سېپىدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي يولداشلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، 1995-يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

**(3) ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ھەر تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك.** ھەر تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇپ سانائەت-قاتناش ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تەشكىللەش ئىقتىساد-سودا خىزمىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تۈرى. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىساد-سودا كومىتېتلىرى خىزمەتتە كارخانىلارغا يۈزلىنىشى، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى لازىم. كونكرېت تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش جەريانىدا، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم تاۋارلار بىلەن بازارنى تەمىنلەش جەھەتتىكى تەمىنلەش-تەلەپنى ياخشى ماسلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆمۈر، ئېلېكتر كۈچى، ياغاچ ماتېرىيال، ياغ ۋە پاختىلارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇلاشتۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنى ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى بازارغا يۈزلىنىپ، بۇ ئىككى بازارنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بازار ھەم ئۈنۈمگە ئىگە ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەپ، ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كۆپەيتىشكە پائال يېتەكلەش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلەش، ئامباردا بېسىلىپ قالغان ماللارنى قىسقارتىش، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ياخشى تۇتۇش كېرەك، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىلىپ، بىر تەرەپتىن بېسىلىپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

سانائەت-قاتناش ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەشنى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتە، ھازىر ئېلىمىزدە خام ئەشيا-ماتېرىيال سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىدىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى چوڭ، پولات ماتېرىيال ۋە تەييار ماي زاپىسى بىر قەدەر مول، مۇۋاپىق پىلانلاش ئاساسىدا، يەزى قاتناش، جامائەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئاھالىلەر تۇرالغۇسى قۇرۇلۇشلىرىنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدۇ؛ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ‹‹بوغۇز››نىڭ چەكلىمىسىنى ئازايتىش كېرەك؛ توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت

كەسپلەردە تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سۈپەتنى ۋە سەۋىيىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇش كېرەك. مەھسۇلات قۇرۇلمىسى جەھەتتە، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىككى بازارغا يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەپ، دۆلەتنىڭ قولىدىكى مەبلەغ، توشۇش كۈچى، ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا-ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، بازار ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق، ئۈنۈمى ياخشى بولغان كارخانىلارغا ۋە قىس مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش كېرەك؛ ئۇزاقتىن بويان بېسىلىپ كېلىۋاتقان، سەرپىياتى بەك يۇقىرى، سۈپىتى ناچار، مۇھىتنى بۇلغايدىغان مەھسۇلاتلارغا قارىتا ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلەش، باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا بۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش كېرەك؛ زور كۈچ بىلەن يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تۈرلەرنى ئېچىپ، مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلاتنى يېڭىلاشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. قىسقىسى، "بازىرى ئىتتىك ماللارنى كۆپەيتىش، ئادەتتىكى ماللارنى چەكلەش، بازىرى يوق ماللارنى توختىتىش" پرىنسىپى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش كېرەك.

بىر-بىرىگە قەرزدار بولۇپ قالغان مەبلەغنى ئىنقىلاپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆلۈك مەبلەغنى جانلىق مەبلەغقە ئايلاندۇرۇش، مەبلەغنى ياخشى ئىشلىتىش كېرەك. نۆۋەتتە، مەملىكەت ئىچىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە قەرزدار بولۇپ قېلىش ئەھۋالى ئېغىر، زىيان تارتىش دائىرىسى چوڭ. بىر يەرنى قەرزدار بولغان بولسا، بىرنەچچە چېتىشتۇرۇلغان كارخانىلار ۋە كەسپلەر ئارا ھالقىسمان چوكىيىپ نەچچە ھەسسە قەرز بولۇپ كېتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىقتىساد-سودا كومىتېتلىرىدىكى يولداشلار ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئوخشىمىغان تەرەپتىن ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلام كارخانىلارنىڭ سۆرۈلۈپ قالغان قەرزىنى ئىنقىلاپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم. ئۆلۈك مەبلەغ جانلىق مەبلەغقە ئايلاندۇرۇلسا، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ قان تومۇرىمۇ راۋانلىشىپ كېتىدۇ.

مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىش، مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ئازايتىش كېرەك. جايلاردىكى ئىقتىساد-سودا كومىتېتلىرى سۈپەتلىك، بازىرى بار، ئۈنۈمى بار كارخانىلار ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ، شۇنىڭدەك دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىغا ھەققىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. مالىيە كۈچى يار بەرگەن ئەھۋالدا، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىغا دەسمايە سوممىسى سېلىش تۈزۈمى ۋە كارخانىلارنى ئۆز ئىگىدارلىقىدىكى مەبلەغنى تولۇقلاپ كۆپەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش كېرەك. كارخانىلار ھەر خىل چارە-ئاماللار ئارقىلىق مەھسۇلاتنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى ئازايتىپ، نامۇۋاپىق ئىگەللەنگەن مەبلەغنى تىرىشىپ قىسقارتىپ، مەبلەغنى ئىشلىتىش ئۈنۈمى ۋە پايدىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

بازارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق يېزا ئىگىلىكىگە كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، يېزا

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زوررۇر بولغان باھا تەڭشەش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان پەيتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر قىسىم تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تەڭشەشنى مۇۋاپىق ھالدا كېچىكتۈرۈپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1995-يىلى ”8-بەش يىللىق“ پىلانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىلى، ئىقتىسادىي خىزمەتتە ۋەزىپە ئېغىر، قىيىنچىلىقلارمۇ بىر قەدەر كۆپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن خىزمەتلىرىمىزگە ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويىدى. ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش، ئىقتىسادىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەن ھەر دەرىجىلىك ئىقتىساد-سودا كومىتېتلىرىدىكى يولداشلارنىڭ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى، ئىلمىي تەدبىر كۆرۈش سەۋىيىسىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. فونكسىيىنى پائال ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن چىقىشتا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلار ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئاجىز ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئىبراھىم**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى

— پارتىيە تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

خۇ شېڭ

## 1. سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى پارتىيە تارىخىنى دەۋرگە ئايرىش مەسىلىسى توغرىسىدا

1981-يىلى چىقىرىلغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»دا (تۆۋەندە قىسقارتىپ «تارىخقا دائىر قارار» دەپ ئېلىندى) سوتسىيالىزم دەۋرى تۆت باسقۇچقا ئايرىلدى: يەنى 1949-يىلدىن 1956-يىلغىچە بولغان باسقۇچ — سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئورۇندالغان يەتتە يىل؛ 1957-يىلدىن 1966-يىلغىچە بولغان باسقۇچ — سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان ئون يىل؛ 1966-يىلدىن 1976-يىل بولغان باسقۇچ — "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئېلىپ بېرىلغان ئون يىل؛ "ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش" دېگەن ماۋزۇدا بايان قىلىنغان 1976-يىل 10-ئايدىن كېيىنكى تارىخ. 1991-يىلى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 70 يىلى» دېگەن كىتابنى يازغىنىمىزدا ئەنە شۇ «تارىخقا دائىر قارار»نى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى پارتىيە تارىخىنى تۆت باسقۇچقا ئايرىپ، ھەربىر باسقۇچنى بىر باب قىلىپ، 6 — 8-بابلاردا بايان قىلغانىدۇق. "'مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى' ئېلىپ بېرىلغان ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق" دېگەن بابتىن كېيىن، "سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش" دېگەن بىر بابنى، يەنى 1976- يىل 10-ئايدا "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن تارتىپ 1991-يىلى شۇ كىتاب يېزىلىۋاتقان ۋاقىتقىچە بولغان مەزگىلدىكى تارىخنى يازغانىدۇق. 1989-يىلى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخىدىكى چوڭ-چوڭ ئىشلار» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا 1976-يىل 10-ئايدىن كېيىنكى تارىخ "سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرى" دەپ ئاتالدى، "يېڭى

دەۋر“ دەپ ئاتالغان بۇ باسقۇچلۇق تارىخ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى قىسىم ”ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەش“ دېگەن ماۋزۇدا، ئىككىنچى قىسىم ”11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن“ دېگەن ماۋزۇدا شەرھلەنىدى. هازىر قارايدىغان بولساق، بۇنداق يېزىلىشتا چاتاق بارىدەك تۇرىدۇ. ”سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش“ دېگەن نېمە دېگەن سۆز؟ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشەنى يەنە بىرنەچچە ئون يىل داۋاملىشىدىغان تۇرسا، ئەگەر مۇشۇ تەرىقىدە يېزىلىۋەرسە، بىرقانچە ئون يىلدىكى ئىشلارنى مۇشۇ بىرلا بابقا كىرگۈزۈپ قويۇشقا بولماس، بۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ تولىمۇ ئۇزۇن ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپلا قالماستىن، ”ۋەزىيەت يارىتىش“ دېگەن سۆزگىمۇ ماس كەلمەيدۇ. ئىلگىرىكى 27 يىلغا سېلىشتۇرغاندا، دەرۋەقە، بۇ باسقۇچلۇق تارىخنى ”سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرى“ دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، لېكىن تەرەققىيات داۋامىدا ھەمىشە يېڭى ئەھۋال چىقىپ تۇرىدۇ، يېڭى باسقۇچقا كىرىپ تۇرىمىز، شۇڭا، باشتىن-ئاخىر ھەممىنى ”يېڭى دەۋر“ دەۋرىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1976-يىلدىن كېيىنكى تارىخنى بىر پۈتۈن باسقۇچ سۈپىتىدە ئالدىنقى ئۈچ تارىخىي باسقۇچ بىلەن، يەنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى يەتتە يىل، 1957-يىلدىن باشلانغان ئون يىل، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئېلىپ بېرىلغان ئون يىل بىلەن بىر قاتاردا قويساق، ئۇلار بىر-بىرىگە ماسمۇ كەلمەيدۇ. ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئالدىنقى ئۈچ باسقۇچ تۆۋەنرەك ئورۇندا تۇرىدىغان تارماق باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىنى دەۋر ئايرىشنىڭ بەلگىسى قىلىپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى پارتىيە تارىخىنى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن دەپ چوڭ ئىككى دەۋرگە ئايرىساق بولارمىكىن، دەپ بىرقانچە يولداش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرگەنىدىم. مېنىڭچە، بۇنداق ئايرىش «تارىخقا دائىر قارار»نىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. «تارىخقا دائىر قارار»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەنىدى: پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ”پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇش بولدى، ئومۇمىي يىغىن 1976-يىل 10-ئايدىن بۇيانقى پارتىيە خىزمىتىدە يۈز بەرگەن ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، ’مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى‘ دىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ’سول‘ چىللىق خاتالىقنى ئومۇميۈزلۈك، ئەستايىد-دىل تۈزىتىشكە باشلىدى.“ ئەمدى قارايدىغان بولساق، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تارىخىي ئەھمىيىتى 1935-يىلى ئېچىلغان زۇنيى يىغىنىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى تارىخىي ئەھمىيىتىگە ئوخشايدىكەن. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى تارىخنىمۇ زۇنيى يىغىنىدىن بۇرۇنقى تارىخ دەپ ۋە زۇنيى يىغىنىدىن كېيىنكى تارىخ دەپ ئىككى چوڭ دەۋرگە ئايرىشقا

بولدۇ. ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە رەھبەرلىك كوللېكتىپى دەل زۇنيى يىغىنىدىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. بىزنىڭ ئۇنى بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى دەپ ئاتىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پارتىيە رەھبەرلىرى تولىمۇ پىشىپ يېتىلمىگەن، پارتىيە گۆدەكلىك دەۋرىدە تۇرغانىدى.

سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تارىخنى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىنى چېگرا قىلىپ ئىككى چوڭ دەۋرگە ئايرىيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇرۇنقى تارىخنى «تارىخقا دائىر قارار» بويىچە بىرنەچچە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ، 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى تارىخنى "يېڭى دەۋر" دەپ بىرگىلا يىغىنچاقلاپ قويىماي، ئۇنىمۇ بىرنەچچە باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن تارتىپ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئىككى يىلنى ئالدىنقى دەۋرگە كىرگۈزۈش كېرەكمۇ ياكى كېيىنكى دەۋرگە كىرگۈزۈش كېرەكمۇ دېگەندىن ئىبارەت. مېنىڭچە، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىنى چېگرا قىلىدىكەنمىز، ئارىسالدى-لىق ئىچىدە ئۆتكەن ئىككى يىلنى ئالدىنقى دەۋرگە كىرگۈزۈش كېرەك. دەرۋەقە، بۇ ئىككى يىل "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى ۋاقىت بولغاچقا، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دەۋرگە تەۋە ئەمەس. بىز "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا شۇنىمۇ چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەككى، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئېلىپ بېرىلغان بۇ تارىخىي دەۋردىمۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"غا قارشى تۇرۇش خاھىشى، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"غا قارىتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قارشى تۇرۇش ۋە تاقابىل تۇرۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت ئىدى، شۇڭا ئاخىرى پارتىيىمىز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نى تارمار قىلىپ، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"غا خاتىمە بەردى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"غا خاتىمە بېرىش تازا ئوبدان، تازا تەلتۆكۈس بولماي قالغان بولغاچقا، ئىككى يىل ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئۆتتۇق. شۇڭا مۇشۇ ئىككى يىلنى ئالدىنقى دەۋرنىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزىمىز، بۇ دەۋرنىڭ مەزمۇنى يالغۇز "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئەمەس، بەلكى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ۋە ئۇنىڭ ئاياغلىشىشىدىن ئىبارەت.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ھازىرغا قەدەر 16 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ 16 يىلنى تومتاقلا بىر دەۋر قىلىپ قويساق مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنى يەنىمۇ ئايرىشىمىز كېرەك. ئايرىشنىڭ بىرنەچچە خىل ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ دەسلەپكى ئويۇمچە، 1979-يىلدىن 1989-يىلغى-چە بولغان مەزگىلنى بىر باسقۇچ دەپ قاراشقا بولىدۇ، بۇ باسقۇچتا ئاساسەن يېزىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى. 1984-يىلى پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە

ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار چىقىرىلدى. 1985-يىلدىن كېيىنكى ۋاقىت يەنە بىر مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلنىڭ بېشىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇھىم سۆز قىلدى. مۇشۇنداق ئايرىش مۇۋاپىقمۇ-يوق، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆرۈشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 2. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تارىخىي ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدا

دەۋر ئايرىش مەسىلىسى ھەققىدە يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز، شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، پارتىيە تارىخىنى يېزىشتا باب-پاراگرافلارنى ئايرىشقا ئوخشايلىق تۇيغۇدۇرۇپ بېرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيىتى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تارىخىي ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ باسقۇچلۇق تارىخ ھەققىدە، «تارىخقا دائىر قارار»دا مۇنداق ئىككى بايان بار: 1976-يىل 10-ئايدا ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ تارمار قىلىنغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دېيىلگەن: بۇ غەلىبە ”پارتىيىمىزنى، ئىنقىلابنى خەۋپ-خەتەردىن قۇتقۇزۇپ، مەملىكىتىمىزنى يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە ئېلىپ كىردى.“ 1978-يىلى چاقىرىلغان پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئۈستىدە توختالغاندا يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر سۆزلىنىپ كېلىپ يەنە مۇنداق دېيىلگەن: بۇ ”پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇش بولدى“، يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئومۇمىي يىغىن 1976-يىل 10-ئايدىن بۇيانقى پارتىيە خىزمىتىدە يۈز بەرگەن ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش ھالىتىگە خاتىمە بەردى.“ دېمەك، 1976-يىل 10-ئايدا ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ تارمار قىلىنغانلىقى ئەلۋەتتە زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە؛ لېكىن 1976-يىل 10-ئايدا ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن تارتىپ 1978-يىل 12-ئايدا پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلغانغا قەدەر، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ خىزمىتى ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى، بۇمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ تارمار قىلىنغانلىقى ناھايىتى مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نى ئاياغلاشتۇرۇشنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇردى. ئەگەر ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاياغلاشماي، داۋاملىشىۋەرگەن بولسا، ئۇ ھالدا جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايتتى. ئەمدى قارايدىغان بولساق، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاياغلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل خىزمەتنى قانداق ئىشلەش مەسىلىسى

ئىزدىنىش (تاللانما)

پارتىيىمىزنىڭ ئالدىغا ئىنتايىن چوڭ بىر مەسىلە بولۇپ قويۇلغانىكەن.

مۇنداق بىر خىل مۇمكىنچىلىك بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ھەممە ئىشلىرىمىزدا پۈتۈنلەي ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىلگىرىكى يولنى تۇتۇش. بۇنداق قىلىشنىمۇ سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللانغانلىق ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىلگىرىكى يولغا يېنىپ كەتكەندىمۇ، يەنىلا سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان گەپ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايتتى. ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىلگىرىكى يولنى تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر مۇشۇنداق قىلىنغان بولسا، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ھەققىي ئاياغلاشقان بولمايتتى. ”مەدەنىەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىلگىرىمۇ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تۇتقانلىقىمىزدا گەپ يوق، لېكىن بۇ جەرياندا تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى خاتا نەرسىلەر يىغىلىپ قالدى، نەتىجىدە ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىبارەت قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن بۇرۇن پارتىيىمىز سادىر قىلغان خاتالىق جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىش داۋامىدا سادىر قىلغان خاتالىقتۇر. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاياغلاشقان چاغدا ئەينى چاغدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداش ئۇتتۇرىغا قويغان ”ئىككى ئومۇمەن“ دەل ئىلگىرىكى خاتا نەرسىنى قاتماللاشتۇرۇپ قويغان. ئەگەر ئۇ يولدا مېڭىۋەرگەن بولساق، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېغىر ئەھۋال كېلىپ چىقىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيتتى. دېمەك، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاياغلاشقاندىن كېيىن ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىلگىرىكى يولنى تۇتۇش، روشەنكى، جۇڭگوغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى.

يەنە مۇنداق بىر خىل مۇمكىنچىلىكمۇ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن يېڭى بىر يولنى تېپىپ چىقىش، يەنى ئىلگىرىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، قىممىتى بار تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىش، ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى تەكرارلاشتىن ساقلىنىش، شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقىش. بۇ يول خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم تارىخىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان يېڭى يول ئىدى. بۇ بۇرۇلۇشنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقى پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىدۇر. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى پارتىيىمىزنىڭ ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش ھالىتىگە خاتىمە بەردى، بۇ ئەمەلىيەتتە ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىلگىرىكى ھالەتكە قايتىش خاھىشىنى توسقانلىق ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ جۇڭگونىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى يولىنى تېپىپ چىقتۇق. خۇددى زۇنيى يىغىنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوخشاش، ۋاقىت قانچە ئۆزگىرىۋاتسىمۇ، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇنچە ئېنىق تونۇلىدۇ. زۇنيى يىغىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرى تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش ئىدى. لېكىن ئەينى زاماندا، كىشىلەر زۇنيى يىغىنىنىڭ ھەربىي لۇشيەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەربىي جەھەتتە پاسسىپ، خەۋپلىك ئەھۋالدا تۇرۇپ قېلىش ھالىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە ماۋجۇشىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى يادرولۇق ئورنىنى تىكلىگەنلىكىنىلا تونۇپ يەتكەنىدى. كېيىنكى تارىخ ئىسپاتلىدىكى، زۇنيى يىغىنى ھەربىي لۇشيەن ۋە رەھبەرلىكنىلا ئۆزگەرتىپ قالماستىن، بەلكى سىياسىي لۇشيەننىمۇ ئۆزگەرتىپ، يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قارىساق، زۇنيى يىغىنى ئېچىلىپ 14 يىلدىن كېيىنلا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇق، بۇنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايتتى. مانا ئەمدى ئۆتمۈشكە نەزەر سالغىنىمىزدا، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە زۇنيى يىغىنى پۇختا ئاساس سېلىپ بەرگەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋاتقان بولغاچقا، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ئېھتىمال ھازىر تېخى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىغا بولغان تونۇشىمىز «تارىخقا دائىر قارار»نى تۈزگەن چاغدىكىدىن بەلكىم كۆپ ئايدىڭلاشقان بولسا كېرەك.

16 يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتى، يەنە كېلىپ 1989-يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا مەملىكىتىمىزدە يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەنىڭ ۋە 1990-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە خەلقئارادا بولغان چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، شەرقىي ياۋروپادا بايراقنىڭ ئۆزگىرىشىدەك ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەمدى جۇڭگوغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولماقتا، ئىقتىسادىمىز تەرەققىي قىلماقتا، بۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساس سېلىپ بەرگەنلىكىدىندۇر. دۇنيادا بەزى كىشىلەر، جۇڭگو كومپارتىيىسى نېمە ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىدەك گۇمران بولۇپ كەتمىدى؟ جۇڭگودا سوتسىيالىزم نېمە ئۈچۈن شەرقىي ياۋروپادىكىدەك بەربات بولۇپ كەتمىدى؟ بۇ پاجىئەلەرنىڭ جۇڭگودا تەكرارلانماسلىقىدىكى سەۋەب نېمە؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېگىشلىك. مۇنداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، ئەگەر بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىدا ماڭماي، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئاياغلاشقاندىن كېيىن يەنە "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن ئىلگىرىكى

هالەتكە قايتىپ، بۇرۇنقى كونا يولدا مېڭىۋەرگەن بولساق، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاتتى؟ ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولساق، بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقىلا بولىدۇكى، جۇڭگودا ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىكىدەك قالايمىقانچىلىق داۋاملىشىۋەرگەن بولاتتى، ئېھتىمال 1989-يىلدىن 1991-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە مەملىكەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن ئىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1989-يىلدىكى ۋەقە ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەنىدى: ئىسلاھاتنىڭ، ئىشىك ئېچىۋېتىشنىڭ نەتىجىلىرى بولمىغان بولسا، ”4-ئىيۇن“ ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەيتتۇق، ئۆتەلمىگەن بولساق، مالىمانچىلىق بولاتتى، مالىمانچىلىق بولسىلا، ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرەتتى. بۇ مەنتىققە ئاساسلانغاندا شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئەگەر 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارمىغان بولساق، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ۋەقەلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن، بۇ ئۆتكەللەردىن ئۆتەلمىگەن بولاتتۇق.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ھەقىقەتەن جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن. ئەگەر 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى بىر قاتار سىياسەت-تەدبىرلەر بولمىغان بولسا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرمىغان، ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“ دېگەن لۇشيەندە چىڭ تۇرمىغان بولساق، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلىش-قىلماسلىقىنى، تەرەققىيات داۋامىدا قانداق قىيىنچىلىق بولغانلىقىنى دېمەيلا قويايلى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقىمۇ بىر گەپ بولۇپ قالاتتى، دېمەك، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھالاك بولۇش مەسىلىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن ماۋ جۇشى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ساقلىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ تۇراتتى. ماۋ جۇشى دەسلەپتە بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇ، ئاساسلىقى، ئۆزىمىز دىققەت قىلىشىمىز لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنى ھالاك بولۇش خەۋپىدىن خالىي قىلىدىغان تەدبىرلەرنىمۇ قوللانغان، لېكىن ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ يولىغا كىرىپ قېلىپ، خاتا قىلغان. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنى ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ، جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش، بېيىتىش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشقا يېتەكلەيدىغان توغرا يولدۇر. ئەگەر سوتسىيالىزم دۆلەتنى گۈللىنىپ روناق تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمىغان ۋە خەلققە ئەمەلىي تۇرمۇشتا

سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزەللىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرالمىغان بولسا، 1989-يىللىرىدىكى تۆرلۈك ۋەقەلەرنىڭ زەربىسىگە قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەيتتۇق؟ ھازىر، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا غايەت زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. گەرچە بىز يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، تىرىشىش ئارقىلىق چوقۇم مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ ھەل قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا داۋاملىق، تېز، ساغلام ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

## 3. پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى مەقسەت توغرىسىدا

بىز تارىخنى تەتقىق قىلىشتا، كۆپ ھاللاردا، ھەقىقىي پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، دەيمىز، لېكىن بۇ بىزنىڭ تارىخنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاخىرقى مەقسىتىمىز ئەمەس. تارىخنى تەتقىق قىلىشتا، ھەقىقىي پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر، يالغان پاكىتنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ، ماركسىزمچىلار ھەقىقەتكە ئىنتىلىشتىن قورقمايدۇ، خاتالىقلارنى ياپمايدۇ، پاكىت ئالدىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. لېكىن بۇ دېگەنلىك، تەتقىقات جەريانىدا ئىشنىڭ مۇھىمى بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرىنى، چوڭ-كىچىكىنى پەرقلەندۈرمەي، ئالاقىدار پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. پارتىيىمىز 70 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى، چوڭ-كىچىك دېمەي ھەممە ئىشلارنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ئالاقىدار ئىشلاردىن تارتىپ يەرلىك پارتكوملارغا ھەتتا ھەر بىر ناھىيىلىك پارتكوملارغا ئالاقىدار ئىشلارغىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك دەيدىغان بولساق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئەرزىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئىشلار ئومۇمىيلىقنى تونۇشىمىزغا دەخلى قىلمايدۇ، ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرمەن دېسەك، ئورۇنسىز تالاش-تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ماھىيەتلىك ئەھمىيىتى بولمىغان، ئومۇمىيلىق بىلەن ئالاقىسى يوق بەزى ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش شەرت ئەمەس، ئايدىڭلاشتۇرىمەن دەپ تالاش-تارتىش قوزغاپ قويۇشنىڭ پايدىسى يوق. تارىخ تەتقىقاتىدىن چىقىرىلغان يەكۈننىڭ ھەممىسىدە ھەقىقىي پاكىتنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئەگەر بىرەر پاكىت مەلۇم تارىخىي يەكۈن بىلەن ئالاقىدار بولۇپ قالسا، ئۇنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. دېمەك، پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، بەك ئىنچىكىلەپ كەتكەندىن كۆرە، تومتاقراق ئىش كۆرگەن ياخشى. نېمە ئۈچۈن تومتاقراق ئىش كۆرسەك بولىدۇ دەيمىز؟

بۇ دېگەنلىك، بىپەرۋالىق قىلساق بولىدۇ، دېگەنلىك بولماستىن، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نۇقتىلىق ئىگىلىشىمىز كېرەك، دېگەنلىكتۇر. ئىنچىكىلەپ كەتكەندىن كۆرە، تومتاقراق ئىش كۆرۈش دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى تارىخنى تەتقىق قىلىشقىمۇ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخنى تەتقىق قىلىشقىمۇ باب كېلىدىغان ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئۆتكەن تارىخنى تەتقىق قىلىشتىمۇ رېئاللىقنى، ھازىرقى ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتىمىز. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېنلىرى ئۆتمۈشتىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تۈزۈلگەن، ئۇنىڭ توغرىلىقى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىسپاتلاندى. سوتسىيالىزمنىڭ تارىخنى تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت، ھەممىدىن ئاۋۋال، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى لۇشيەن، فاڭجېنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى تارىخىي پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاش. بۇ لۇشيەن، فاڭجېنلار توغرا بولدى دېگەنلىك جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۇجۇردىن بۇجۇرىغىچە ئىگىلەپ بولدۇق دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن ئومۇمىي لۇشيەن، فاڭجېنلىرىمىز توغرا بولدى، بىز توغرا يولنى راستلا تاپتۇق. بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىجابىي ۋە سەلبىي تارىخىي ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ ئۇنى ئىلمىي ئاساستا دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 29 يىل (1976-يىلدىن كېيىنكى ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئىككى يىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى تارىختىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىمىز ھەقىقەتەن بۇرۇنقى ياخشى تەجرىبىلەرنى ئوبدان قوبۇل قىلىش، بۇرۇنقى ساۋاقلارنى تولۇق قوبۇل قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن؛ بۇ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ھەقىقەتەن جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلدى، ئاشۇنداق كونكرېت ئەھۋالدا سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى يەتتە يىلدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈ-رۈش كېرەك، لېكىن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ تولىمۇ ئالدىراپ ئېلىپ بېرىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بەزى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-بى“دىن ئىلگىرىكى 10 يىلغا كەلسەك، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەن-لەشتۈرۈش كېرەك، لېكىن بۇ مەزگىلدە ”سول“چىللىق خاتالىقىنىڭ جۇغلانغانلىقىنى، ئەينى چاغدا ”سول“ چىللىق خاتالىقنى تۈگىتىشكە ھەرىكەت قىلىنغان بولسىمۇ، تۈگىتىشكە مۇمكىن بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم. ماركسىزمچە ئىلمىي تەتقىقات ئالدىدا، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىلىكى يوق؛ لېكىن ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ تەجرىبە-ساۋاق-

لىرى ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى بۇ تەجرىبە-ساۋاقلار، ئۇندىاق قىلماسلىق كېرەك، دەپ بىزنى سەلبىي جەھەتتىن ئاگاھلاندۇردى، شۇنداقلا بىزگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇنقى 10 يىللىق ئىشلىرىمىز-نىڭ ھەرگىز نۇقسانسىزلىقنىڭ تېپى ئەمەس ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقتۇردى. 50-يىللار ۋە 60-يىللارنىڭ دەسلەپ-كى مەزگىللىرىدىكى جەمئىيەتنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى كىشىلەرگە ئۆتمۈشنى سېغىندۇرىدۇ، ئۇ زامانلاردا بىز ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بەزى ياخشى نەرسىلەرنىڭ بولغانلىقى راست؛ لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، كىشىلەر ھازىر سېغىنىۋاتقان بەزى نەرسىلەر تەرەققىيات ئاستا بولۇش، سىرت بىلەن ئالاقە قىلماسلىق ئەھۋالىغا باغلانغان، شۇڭا ئۇ نەرسىلەرنى ئاددىي ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېنلارنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەشتە، يېقىنقى 16 يىلدا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنىمۇ ئاساس قىلىش، بۇ 16 يىلدىكى تەرەققىيات جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىنى تولۇق مۇھاكىمە قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

بىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىن مەقسىتىمىز پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېنلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپات-لاش، بۇنىڭدىن باشقا، تەتقىقات ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇشمۇ بىزنىڭ مەقسىتىمىز. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، پارتىيىمىز «سول»چىل لى لىسەن لۇشيەنى ۋە ۋاڭ مىڭ لۇشيەنىگە قارشى كۈرەش قىلىش داۋامىدا، ئىنقىلابنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەينى ۋاقىتتا، «سول»چىللىققا مايىل كىشىلەر، پارتىيىمىز دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى بىر يولىلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئالدىرىغان يولدا قالار. «سول»چىل لۇشيەن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، قىزىل ئارمىيە ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدى، ھەتتا قولغا كەلگەن ئىنقىلاب مېۋىسىمۇ نابۇت بولغىلى تاسلا قالدى. لېكىن زۇنيى يىغىنىدىن كېيىن 14 يىلدىلا ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ئىنقىلاب تېزلا غەلىبە قازىنىدۇ، دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرنى رەت قىلىپ ۋە ئىنكار قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك-لىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى، نەتىجىدە ئەسلى پەرىزىمىزدىكىدىن تېز تەرەققىيات سۈرئىتىنى قولغا كەلتۈردى.

لېكىن دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنىڭ قولغا كېلىشى ئەسلى پەرەزىمىزدىكىدىن تېز بولغانلىقى مەلۇم دەرىجىدە ئازدۇر-كۆپتۇر پاسسىپ تەسىرلەرنى قالدۇردى، نەتىجىدە بىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا، ئەمەلىيەتكە قارىماي ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش كەيپىياتى ناھايىتى ئوڭايلا پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىز نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز

دەپ ئوتتۇرىغا قويدۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك دېگىنىمىزدە، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلغان. ھازىر چەت ئەللەردە بەزى كىشىلەر، يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، 21-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، جۇڭگو ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ياكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كەتمەي ۋە ئۆز-ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ كەتمەي، ئەستايىدىللىق بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىز يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە، ئاندىن ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلەيمىز.

ئۇزاق مۇددەت دېگەندە، بىرىنچىدىن، ۋاقىتنىڭ ئۇزاق بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلابقا سېلىشتۇرغاندا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قىيىنراق بولىدىغاندەك، ئۇنىڭغا خېلى كۆپ ۋاقىت كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇزاق مۇددەت دېگەندە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تۈز سىزىق بويىچە ئەمەس، ئەگرى-توقايلىق ئىچىدە تەرەققىي قىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى دېگەن سۆزىدىمۇ مۇشۇ مەنا بار، دېمەك، ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتى ئەينى ۋاقىتتا "سول"چىل نۇقتىئىنەزەردە بولغان يولداشلارنىڭ ئىنقىلاب تۈپتۈز يولدا شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، بىرنەچچە ئاي ياكى بىر يىلدا جياڭ جيېشىنى يوقىتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىۋېتىدۇ دېگەن قارىشىدىكىدەك بولمايدۇ. ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەگرىسىمان ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت توغرا ئۇسۇلنى قوللاندى. ئون يىللىق ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن، جياڭ جيېشى بىلەن بىرلىك سەپ ئورنىتىپ، ئىككى پارتىيە قول تۇتىشىپ ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇردى؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، پارتىيىمىز جياڭ جيېشىنى يوقىتىش يولىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازاندى. بۇ بىر چوڭ ئەگرى-توقايلىق، لېكىن بۇنى ئوبيېكتىپ ئەھۋال بەلگىلىگەن. ھازىر قارىغاندا، سوتسىيالىزمدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. بۇرۇن بىز كۆپ ھاللاردا، سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغاندىن كېيىن ھېچقانداق ئەگرى-توقايلىق بولمايدۇ، دەپ قارايتتۇق، لېكىن ئەمەلىي ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. ئاساسى ئاجىز، ئاھالىسى كۆپ جۇڭگودەك بىر دۆلەتتە، نۇرغۇن ئىشلاردا ئاددىي، ئۇدۇل كەلگەن چارىلەرنى قوللىنىۋېرىشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇزاق مۇددەت دېگەنلىك، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەرگە يولۇقۇش مۇمكىنچىلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز جۇڭگونىڭ تارىخىي شارائىتىدا سوتسىيالىستىك

قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، ئومۇمەن ئېيتقاندا، گەرچە ئاساسى لۇشيەن، فاڭجېنلىرىمىز توغرا، مۇشۇ لۇشيەن، فاڭجېنلار يويىچە ئىش كۆرۈۋەرسەكلا، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىشەنچ بار بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خەتەرلىك توسالغۇلارغا يولۇقۇشىمىز مۇمكىن. بىر تەرەپتىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خەتەرلىك توسالغۇلارغا يولۇقۇشىمىز مۇمكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، سۇبيېكتىپ جەھەتتە سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. چوڭ سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويۇشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئۆتكەن 16 يىلدا، ئومۇمەن ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدۇق، لېكىن ھەقىقەتەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغىمۇ ئۇچرىدۇق. بۇندىن كېيىنمۇ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى تونۇپ يەتمەيدىغان بولساق، ھورۇنلۇق قىلىش ياكى ئۇستىلىق ئىشلىتىش يولىنى تۇتۇپ، بىر بولسا ھەممىدە كونا پەدە بويىچە ئىش قىلىدىغان، بىر بولسا ئەمەلىي مۇمكىنچىلىكتىن ھالقىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان يولغا مېڭىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇنى بىلىش كېرەككى، بىز توغرا لۇشيەن، فاڭجېنلارنى تۈزۈپ چىققان بولساقمۇ، لېكىن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېكى-بېكى چارىلەرنى تېپىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى بىلمەيدىغان بولساق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىققا يولۇققان چاغلاردا تەمتىرەپ نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قېلىشىمىز، ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويۇشىمىز مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە تارىخى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەنىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى، بۇ لۇشيەن بولمىغان بولسا، ئەھۋالنىڭ زور دەرىجىدە پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇتۇشىمىز كېرەك؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلارغا شۇنىمۇ تونۇتۇشىمىز لازىمكى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىز توغرا لۇشيەننى ئىگەللىدۇق، غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزدۇق، شۇنداقتىمۇ يەنە ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىزغا، ھەر خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا، پارتىيە رەھبەرلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىمىزنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا، خەلق ئىچىدە رەھبەرلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مانا مۇشۇ مەقسەتكە يېتىشىمىز، مانا مۇشۇنداق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

## 4. پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسەت توغرىسىدا

بىز ھازىر نۆۋەتتىكى ھالدا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك، لېكىن بۇ دېگەنلىك دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلمىساقمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ پارتىيىگىمۇ، خەلقىمىزگىمۇ پايدىلىق. 1995-يىل 1-ئايدا زۇنيى يىغىنىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز، بۇنى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇ بىر ياخشى پۇرسەت، بۇ پۇرسەتتىن ئوبدان پايدىلىنىپ تەتقىقات ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلەپ بېرىش كېرەك. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ نېمە رولى بار؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككى تۈرلۈك پىكرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي.

بىرىنچى، دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، دوگمىچىلىقنىڭ خەۋپىنى تولۇق دەلىللەپ، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش لازىم. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، پارتىيىمىزنىڭ دوگمىچىلىق خاتالىقى سادىر قىلىشىغا، كۆپرەك، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى سەۋەبچى بولغان. رەئىس ماۋ زېدۇڭ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەسىرىنى بەك كۆپ تەكىتلەپ كەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى بۇنداق تەسىرنى قوبۇل قىلىشتا، ئاساسىي مەسئۇلىيەت بىزدە، دېگەنىدى. ھازىر بىر جەھەتتىن، سىياسىي مەسئۇلىيەت ئۈستىدە توختالغان ۋاقىتتا، يەنىلا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ تەلىمگە رىئايە قىلىشىمىز كېرەك، ھەقىقەتەن پارتىيىمىز گۆدەك دەۋرىدە سەۋىيىسى تۆۋەن، تەجرىبىسى ئاز بولغاچقا، دوگمىچىلىقنىڭ تەسىرىنى ئۆگاي قوبۇل قىلىۋالغان؛ لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن، تارىخ ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان چاغدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىزگە يامان تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىمۇ ئەينەن بايان قىلىشىمىز كېرەك. بەزى يولداشلار بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، مەسىلەن، بەزى يولداشلار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگونىڭ دېھقانلار مەسىلىسى جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بارلىقىنى تەتقىق قىلدى. مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە شۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تارىخ ئارقىلىق دوگمىچىلىقنىڭ خەۋپىنى چۈشەندۈرۈش ھەقىقەتەن زۆرۈر.

ئىككىنچى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىجادىيلىقىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزم قائىدىلىرىنى تەتبىقلاشنىڭ نەمۇنىسى.

www.uyghurkitap.com

كونا رامكىلارغا پىپىشۇالماي، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش — مانا بۇ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جېنى. ئىلگىرى بىزدە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى توغرىسىدا سۆزلىگەندە مۇنداق ئىككى خىل خاھىش كۆرۈلگەن، بىرى، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنىمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىجادىيىتى دېيىلدى، بۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بۇ ياخشى بولمىغىنى؛ يەنە بىرى، ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان نەرسىلەر ستالىندىن كەلگەن، دېيىلىپ، بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئىككى ئىش زورمۇزور چېتىشتۇرۇپ قويۇلدى. مەسىلەن چېن بودا مانا مۇشۇ مەزمۇندا ماقالە يازدى. بىز ھازىر ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىجادىيلىقىنى سۆزلىگەندە، لايىقىدا سۆزلىشىمىز، مۇبالىغىمۇ قىلماسلىقىمىز، ئۆزىمىزنى كەمسە-تىپمۇ قويماسلىقىمىز كېرەك. شۇنى ھەقىقىي تۈردە چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەككى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ئاستىدا، ماركسىزمنى ئىجادىي يوسۇندا تەتبىقلىمىغان بولساق، ماركسىزم جۇڭگودا كارغا كەلمىگەن بولاتتى. ماركسىزم — ئۆتكۈر قورال، لېكىن ئۇنى ھەرقايسى ئەللەر ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈ-رۈپ، ئىجادىي يوسۇندا تەتبىقلىشى لازىم.

جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭ نېمىلەرنى ئىجاد قىلدى؟ يولداش خۇ چياۋمۇ 1991-يىلى پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «جۇڭگو كومپارتىيىسى ماركسىزمنى قانداق راۋاجلاندۇردى» دېگەن تېمىدا ماقالە يازغان. ھازىر قارىغاندا، مېنىڭچە، ماقالىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى 12 ماددىغا يىغىنچاقلانغان، بۇنىڭ بىرنەچچە ماددىسى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىگە مەنسۇپ، تۆھپە ئاساسەن ماۋ زېدۇڭغا مەنسۇپ؛ يەنە بىرنەچچە ماددىسى سوتسىيالىزم دەۋرىگە مەنسۇپ، ئۇنىڭمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ تۆھپىسى بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بار. مەسىلەن، بىرىنچى، يەر ئىنقىلابى ۋە يېزا ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش فاڭجېنى؛ ئىككىنچى، خەلق ئارمىيىسى ۋە خەلق ئۇرۇشى؛ ئۈچىنچى، بىرلىك سەپ؛ تۆتىنچى، ئاممىۋى لۇشيەندىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسۇلى؛ بەشىنچى، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى پەرقلەندۈرۈش؛ ئالتىنچى، يېڭى دېموكراتىزم نەزەرىيىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىجادىيىتى؛ يەتتىنچى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ تىنچ يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تەجرىبىلەرنىڭ يارىتىلىشى؛ سەككىزىنچى، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى؛ يەنە بىرى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە سىڭدۈرۈلۈشى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بار. مەسىلەن، بۇرژۇئازىيىگە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، ماۋ زېدۇڭ ماركسىزمنى ئىجادىي رەۋىشتە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي بۇرژۇئازىيىنى چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە بيۇروكرات بۇرژۇئازىيىدىن پەرقلەندۈرۈپ، مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ

ئىنتايىن مول ئىجادىيلىققا ئىگە ئىدىيىدۇر. دېھقانلار ئۇرۇشى، يەر ئىنقىلابى ۋە يېزا ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش قاتارلىق ئىدىيىلەرنىڭ ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىپ راۋاجلانماقتا، بۇ جەرياندا يېڭى مەسىلىلەر چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ مەسىلىلەرنى ئاددىي ھالدا ماركسىزمنىڭ قائىدىلىرىگە سېلىش يولى بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ماۋ زېدۇڭنىڭ دېگەن گەپلىرىنى تەتبىقلاش يولى بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەردە يېڭى مەسىلىلەرنى تەييار قېلىپقا سالىدىغان ئەھۋال ھېلىمۇ مەۋجۇت، بۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. دەرۋەقە، يېڭى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئوڭاي ئەمەس، بۇنىڭدا سەۋەنلىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھەر خىل مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا قارىتا ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، كىشىلەرنى ئەستايىدىل ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇشىمىز لازىم. پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىز يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش روھىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ، يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتى باش-ئايىغىچە نامايان بولدى، قايسى ئىشلارنىڭ توغرا بولغانلىقى، قايسى ئىشلارنىڭ خاتا بولغانلىقى تازا ئايدىڭلاشتى. شۇڭا، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى پارتىيە تارىخىغا دائىر ھەر بىر مەسىلە توغرىسىدا، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئېنىق نەتىجىلەرنى يارىتالايدىغانلىقىمىزدا گەپ بولمىسا كېرەك، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى زۇنيى يىغىنىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيىتىمىز بار.

**(بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ 1994-يىل 11-ئاينىڭ 21-كۈنى ئېچىلغان مەملىكەت بويىچە پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرى يىغىنى ۋە ج ك پ تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ خاتىرىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىنجان، ئالىمجان سابىت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت، ئەركىنجان**

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

لو شياۋفەن، جۇ فايۈەن، لو خۇڭچۈەن

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز بىر قاتار توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق، كەڭ خەلق ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، تۈزۈلۈشى ۋە مۇكەممەللىشىشى داۋامىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ نۇرى مۇستەسناسىز چاقناپ تۇرغان. بۇ ھال بىزدىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەدبىر كۆرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭچە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسى مۇنداق بەش ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە:

## ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش—دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى

دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش — پرولېتارىياتچە دۇنيا قاراشنىڭ ئاساسى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزىرى ۋە تۈپ ئۇسۇلى، ئىلمىي تەدبىر كۆرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”بىزدەك پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، شۇ ئەھۋالنى پەيدا قىلغان تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلغىنىمىزدىلا، ئاندىن ستراتېگىيىلىك پىلانىمىزنى توغرا تۈزۈپ، كۈچلىرىمىزنى توغرا ئورۇنلاشتۇرالايمىز.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 2-توم، 193-بەت. تۆۋەندە مۇشۇ كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەندە توم ۋە بەت نومۇرىلا بېرىلدى)، ”خىزمەت فاڭجېنىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش بارلىق

كوممۇنىستلار ئىسىدە چىڭ تۇتۇشى شەرت بولغان ئەڭ تۈپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى" (2-توم، 243-بەت) .شۇڭلاشقا، ئۇ مەۋجۇت رېئاللىقنى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئاساسى قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، رېئال ئەھۋالغا قاراپ تەدبىر كۆرۈشنى، نىشانلىق ئوق ئېتىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو چوڭ دۆلەت، ھەم كىچىك دۆلەت، ئاھالىسى كۆپ، يەر كۆلىمى چوڭ، لېكىن ئىقتىسادى قالاق، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيىتى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان، دۇنيادىكى ناھايىتى نامرات دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ نىسپىي قالاقلىقى بىلەن خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — ھازىرقى جۇڭگودىكى ئاساسىي زىددىيەت. ئىگىلىكىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىتىمىزنى روناق تاپقۇرزۇش — جۇڭگونىڭ ئاساسىي ۋەزىپە-سى. بۇ ھازىرقى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەت. ھەممىدە مۇشۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن پىلان تۈزۈش لازىم. ئۇ ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ۋە سىياسەت تەدبىرلىرىنى تۈزگەندىمۇ، باشقا ئەللەرنىڭ، باشقا رايونلارنىڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلمەي، "مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ئۆلكە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىش"نى تەلەپ قىلدى.(2-توم، 247-بەت).

دېڭ شياۋپىڭ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ تەدبىر كۆرگەندە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، پىگىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كۆرۈلگەن تەدبىرنى يېڭى ئەھۋالغا ئۈزلۈكسىز لايىقلاشتۇرۇش لازىم، دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ كونكرېت ئەندىزىسى تېخىچە ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئۆزگىرىپ تۇرغان ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىجادچانلىق بىلەن يېڭى تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، يېڭى قارارلارنى چىقىرىپ ياكى ئىلگىرىكى تەدبىرلەرنى تۈزىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرغاندىلا، تەدبىرنى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى، زامانىۋىلاشتۇ-رۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "دۇنيا ۋەزىيىتى كۈندىن-كۈنگە ئۆزگىرىپ بېرىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ زامانىۋى پەن-تېخنىكا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ ۋە ھازىرقى بىر يىل ئۆتكەن قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ نەچچە ئون يىلىغا، يۈز يىلىغا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقتىغا تەڭ كېلىدۇ. ماركسىزمنى يېڭى ئىدىيىدە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر بىلەن داۋاملاشتۇرمىغان، راۋاجلاندۇرمىغانلار ھەقىقىي ماركسىزمچى ئەمەس" (3-توم، 599 — 600-بەتلەر) ئەمەلىيەتتە، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىمىز بەلگىلىگەن ئاساسىي لۇشيەن ۋە بىر قاتار توغرا فاڭجېن، سىياسەت، تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى

چىقىش قىلغان ھالدا ئىزدىنىپ يېڭىلىق ياراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

دېڭ شياۋپىڭ، ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا، ئەمەلىيەتنى تەدبىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى مەغلۇب بولغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىشنى، بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر تەرەپتىن خۇلاسىلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆستۈرۈپ، تەدبىرنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەكىتلەپ كەلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 16 يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن فاڭجېن-سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىشقا ئالدىرىماي، بىرقانچە يىل ئەمەلىيەتكە قارىدى. مەسىلەن، يېزىلاردا ئائىلە بويىچە مەسئۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى قىسمەن جايلاردا يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دەماللىققا بەزى جايلار ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلىماي، بەلكى "پاكىت ئارقىلىق قايىل قىلىش" پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، ئەمەلىيەت توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان ھەم كىشىلەر قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن كېڭەيتتى. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلارنى قۇرۇش ئاقامدۇ، ئاقمامدۇ، تۇرلۇك ئىسلاھات تەدبىرلىرى توغرا بولامدۇ-يوق، بۇ مەسىلىلەردە، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسىدە، ئۇ: "ئەمەلىيەتكە قاراش" پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇ: "بىز ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر سىناق. بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق، شۇڭا، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. يېڭىلىق بولغاندىكىن، خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش قىيىن. بىزنىڭ چارىمىز — تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، خاتالىق كۆرۈلسە دەرھال تۈزىتىپ، كىچىك خاتالىقنى چوڭ خاتالىققا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق."(3-توم، 358 — 359-بەتلەر) دەل مۇشۇنداق بىر خىل پوزىتسىيە بولغاچقا، بىز بىر قاتار چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى كۆرۈشتە، تۈزگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەردە ئانچە چوڭ خاتالىق سادىر قىلماي، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق ھالدا راۋاجلاندۇرالىدۇق.

## خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش — دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى

دېڭ شياۋپىڭ كومپارتىيىنىڭ داھىيسى بولۇش سۈپىتىدە، خەلق مەنپەئەتىنى ۋە خەلقنىڭ دەرت-ئەلەمىنى قەلبىدە ھەر-ۋاقىت چىڭ ساقلاپ، خەلق مەنپەئەتىنى مەسىلىلەرنى ئويلاش، ئىش بېجىرىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىپ كەلدى. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: پارتىيىمىز جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ ئاۋانگارد ئەترىتى، پۈتۈن نىيەت بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش پارتىيىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى بولۇشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "سوتسىيالىستىك دۆلەتتە، ھەقىقىي ماركسىزمچە پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن

كېيىن، چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۈچ چىقىرىشى ھەمدە شۇ ئاساستا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ بېرىشى لازىم" (3-توم، 53-بەت). ئۇ پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارغا ھەردايىم: "قېنى ئويلاپ باقايلى، بىز خەلققە زادى قانچىلىك ئىش قىلىپ بەردۇق؟ بىز چوقۇم ھازىرقى پايدىلىق شارائىتقا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بىر ئاز ياخشىلىشىمىز، مەدەنىي تۇرمۇشىنى ۋە روھىي قىياپىتىنى بىر ئاز ياخشىلىشىمىز لازىم" دەپ تەنبىھ بېرىپ كەلدى (2-توم، 274-275بەتلەر). ئۇ، جۇڭگو زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا كاپىتالىزم يولىغا ماڭماي، نېمە ئۈچۈن سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دەيدۇ: "جۇڭگو قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، قايسى يولدا ماڭغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرغىلى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ؟... ئەگەر كاپىتالىزم يولىغا ماڭىدىغان بولساق، جۇڭگولۇقلارنىڭ بىرنەچچە پىرسەنتىنىڭلا بېيىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرەلەيمىزكى، 90 نەچچە پىرسەنتىنىڭ باياشات ياشاش مەسىلىسىنى مۇتلەق ھەل قىلالمايمىز" (3-توم، 129-بەت). مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا يىلىغا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 800 دوللار توغرا كەلگەندىمۇ، "كاپىتالىستىك تەقسىمات ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا، بۇنىڭ بىلەن مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەر نامراتلىق-قالاقلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىنسىپى بويىچە بولغاندا، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئومۇمييۈزلۈك ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرغانلىقىمىزنىڭ داۋلىسى ئەنە شۇ." (3-توم، 130-بەت)

دېڭ شياۋپىڭ قەلبىدە ھەر ۋاقىت خەلق ئاممىسىنى ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى قوبۇل قىلىشقا، ئۇلارنىڭ كەشپىيات، ئىجادىيىتىنى قوللاپ كەلدى. مەسىلەن، 1962-يىلى يېزىلاردىكى ئامما ستىخىيىلىك ھالدا "مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش"نى يولغا قويغان چاغدا، ئامما تەلەپ قىلغانىكەن، داۋلىسى بار دېگەن گەپ، ئۇنى ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، دېگەن. "ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ شەكلى زادى قانداق بولسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدە مۇنداق پوزىتسىيە تۇتساق بولار، يەنى جايلاردا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاسانراق، تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا قانداق شەكىل ئىمكانىيەت بەرسە، شۇ شەكىلنى قوللىنىش كېرەك؛ ئامما قانداق شەكىلنى قوللىنىشنى خالىسا، شۇنداق شەكىلنى قوللىنىش لازىم، قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولمىغانلىرىنى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە قىلىش لازىم." (1-توم، 720-بەت) ئۇنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى نۇرغۇن تەدبىرلىرى، تەشەببۇسلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىيىتىنى بىۋاستە يەكۈنلەش ۋە ئۆستۈرۈش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەسىلەن ئائىلىلەر بويىچە

مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىشى، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلارنىڭ سىناق قىلىنىشى، ھەر خىل كارخانىلارنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، تاۋار ئىگىلىكى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى — دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئاممىنىڭ ئىجادىيىتىنى قىزغىنلىق بىلەن رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنىڭ ھەمدە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېڭەيتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. خۇددى ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك: ”ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاما ئەمەلىيەت داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويغان“، ”مېنىڭ تۆھپەم بۇ يېڭى شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تەشەببۇس قىلىش“ («خەلق گېزىتى»نىڭ 1992-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈندىكى سانىغا بېسىلغان «ئۇلۇغ ئەمەلىيەت، پارلاق سەھىپە» دېگەن ماقالىدىن ئېلىندى) . دەل دېڭ شياۋپىڭ ئاممىنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلغانلىقى ھەم بۇ ئىجادىيەتلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆستۈرۈپ، سىياسەت قىلىپ شەكىللەندۈرۈپ كېڭەيتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان فاڭجېن، سىياسەتلەر ھەمىشە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشىپ، ناھايىتى تېزلا ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ قارايدۇ: تەدبىردە ئاممىنىڭ پىكىر ۋە ئەقىل-پاراستى مەركەزلەشتۈرۈلۈپلا قالماي، بەلكى ئاممىنىڭ سىناقلىرىمۇ قوبۇل قىلىنىشى لازىم. ”خەلق ھىمايە قىلامدۇ، قىلمامدۇ“، ”خەلق ياقتۇرامدۇ، ياقتۇرمامدۇ“، ”خەلق خوشال بولامدۇ، بولمامدۇ“، ”خەلق ئۇنامدۇ، ئۇنىمامدۇ“ — مانا بۇلار تەدبىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ياكى مەغلۇب بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىكى تۈپ ئاساس. ئەمەلىيەت توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان، خەلق ھىمايە قىلغان تەدبىرلەردە قەتئىي چىڭ تۇرۇش، ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىك لازىم، ئۆزگەرتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس؛ ئەمەلىيەت خاتا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغان، خەلق قارشى تۇرغانلىرىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش لازىم. ئۇ مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرغاچقا، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرگە بولغان ئىشەنچىسى تولۇپ تاشتى. ئۇ: ”مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەڭ كۆپ كىشىلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە كەڭ خەلق ھىمايە قىلىدىغانلىكى ئىش ئىلگىرىلەش يولىدا ھەرقانچە كۆپ قىيىنچىلىق بولۇشىغا قارىماي چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.“ (3-توم، 290-بەت) ”بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنى ھېچكىممۇ ئۆزگەر-تەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ سىياسەتلەر ئۈنۈم بەرگەن توغرا سىياسەتلەر، ئۇنى خەلق ھىمايە قىلىدۇ.“ (3-توم، 144-بەت)

## دۇنياغا، كەلگۈسىگە، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈش — دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى

لېنىن مۇنداق دېگەن: ”‹مۇتەپپەككۇر› لار شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇكى، ئۇلار ستىخىيىلىك ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ، باشقىلارغا قارىغاندا ھەرىكەتنىڭ ‹ماددىي ئاملى› ستىخىيىلىك ھالدا يولۇققان بارلىق نەزەرىيىۋى، سىياسىي، تاكتىكىلىق ۋە تەشكىلىي مەسىلىلەرنى بۇرۇنراق ھەل قىلىشقا ماھىر بولىدۇ.“ («لېنىن ئەسەرلىرى»، 2-نەشرى، 5-توم، 326-327-بەتلەر)

دېڭ شياۋپىڭ — دۇنياغا نەزەر سالىدىغان، كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتىدىغان كاتتا مۇتەپەككۇر. ئۇ دۆلەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشنى، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشنى تەكىتلەيدۇ، ئەمما ئۇ ھەر ۋاقىت دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە نەزەر سېلىپ ئۇلارنى سېلىشتۇرما قىلىدۇ؛ ئۇ تارىخنى تەتقىق قىلىپ تۇرىدۇ، تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى تەتقىق قىلىشقا ماھىر، ئەمما ئۇ ئەسلەشتىمۇ، يەكۈنلەشتىمۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش، كەلگۈسكە قەدەم تاشلاشنى كۆزدە تۇتىدۇ؛ ئۇ جۇڭگونىڭ نامراتلىق ۋە قالاقلىقىنى، ”يەر شارىدىن ھەيدىۋېتىلىش“ خەۋپىگە يۈزلەنگەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بارلىق تەدبىرنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: جۇڭگو دۇنيانىڭ ئىچىدىكى جۇڭگو، دۇنيا جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى تاشقى مۇھىت، جۇڭگو تۈزگەن ستراتېگىيە، تەرەققىيات پىلانلىرى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم. ھازىرقى دۇنيادا، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق ئىدېئولوگىيىلىك كۈرەشتىن باشقا، ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رىقابىتىدىن ئىبارەت. سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرەلەيدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىقتىساد ئاۋۋال يۈكسەلسە، ھەممە ئىش ئاسانغا چۈشىدۇ. ھازىر لېنىنىزمنى چىشلەپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك، ئومۇمىيەت شۇ، ھەممىنى مۇشۇ ئومۇمىيەتكە بويسۇندۇرۇش لازىم.“ (3-توم، 263-بەت)

دېڭ شياۋپىڭ باشتىن-ئاخىر شۇنى تەكىتلەپ كەلدىكى، بىزنىڭ تەرەققىيات نىشانىمىز باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش. بۇ — جۇڭگونىڭ كەلگۈسى پىلانى، شۇنداقلا كەلگۈسى جۇڭگونىڭ دۇنيا كوئوردىناتلىرىدىكى ئورنى. دۆلىتىمىز ھازىر دۇنيا بويىچە يەنىلا ناھايىتى نامرات دۆلەت، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپتا توپتوغرا 20 يىل ئارقىدا، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىزدە دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىش ئىرادىسى بولۇشى لازىم. شۇڭا كونكرېت تەدبىرلەرنى

كۆرگەندە ھەم جۇڭگونىڭ يەنىلا نامراتلىق، قالاقلىق ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشىمىز، ھەم بەزىرىمىزنى دۇنياغا ۋە كەلگۈسكە تىكىپ، ھەر بىر كونكرېت سىياسەت، تەدبىرنى ئۇلۇغۋار ستراتېگىيىلىك نىشان بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئايرىم-ئايرىم كونكرېت تەدبىرلەرنى ئومۇمىي تەدبىرنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا تۈرتكە قىلىشىمىز لازىم. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن؛ ”بىز ئالدىمىزغا قارىشىمىز كېرەك، بىزنىڭ ئىشىمىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدىغان ئىش-تە! ... ھازىر بىز يىراقلارنى ئويلىمىساق، يىراقلارنى كۆزلىمىسەك، بۇ مەسىلىنى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن ئويلىمىساق، توغرا خۇلاسە چىقىرالمايمىز، نۇرغۇن مەسىلىلەردە قەتئىي نىيەتكە كېلەلمەيمىز، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلالمايمىز.“ (2-توم، 491-بەت) ئۇ تەرەققىيات نەزىرىگە ئىگە بولۇپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىنى باشتىن-ئاخىر دۇنيا كوئوردىناتلىرىغا قويۇپ كۆزەتكەچكە، چوڭقۇر ئويلاپ، يىراقنى كۆرۈپ، شەيئىلەردىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى تۇتۇپ، ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، ھەم دەۋرنىڭ تەلپىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈرلۈك فاكچېن ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قول تۇتىدىغان ھەر خىل قىيىن مەسىلىلەرنى ئىجادىي يوسۇندا ھەل قىلالىدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار چوڭ-چوڭ ستراتېگىيىلىك تەدبىرلەر، مەسىلەن، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەش، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئاساسىي ۋەزىپە قىلىپ، كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، سىياسىي تۈزۈلمە ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەلپىگە لايىقلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەينەك قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“، ”ئورتاق ئېچىش“ قاتارلىق يېڭى سىياسەتلەر، شۇنىڭدەك ”ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش“تىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسى قاتارلىقلار ھەم روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ھەم كۈچلۈك دەۋر پۇرىقىغا ئىگە، ھەم پۇختا رېئال ئاساسقا ئىگە، ھەم يىراق كەلگۈسى ستراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بارلىق مەسىلىدە ئالدىغا نەزەر سېلىش، چوڭ ئىشنى نەزەردە تۇتۇش، كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇشتەك ئالاھىدىلىك دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسى ۋە تەدبىر كۆرۈش ئەمەلىيىتىنىڭ ھەممە يېرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش-يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ تۆتىنچى ئالاھىدىلىكىدۇر**

دېڭ شياۋپىڭنىڭ «دىئالېكتىكا بويىچە ئىش قىلىش كېرەك» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: دۇنيا — ئورگانىك ھالدا باغلانغان بىر پۈتۈن گەۋدە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى — سىستېمىلىق بىر جەرياندۇر، بىز مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تەدبىر كۆرۈش جەريانىدا، چوقۇم بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشىمىز، خىزمەتنىڭ سىستېمىلىقلىقىغا ۋە بىر پۈتۈنلۈكىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ، بىر تەرەپكىلا تۇتۇش قىلماي، ھەممە تەرەپنى ئوموملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.» (2-توم، 540-بەت) ئۇ مۇھىم فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتا، ھامان ھەرقايسى تەرەپلەرنى نەزەردە تۇتاتتى، بىر تەرەپنى دەپ يەنە بىر تەرەپنى تاشلاپ قويىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايتتى. مەسىلەن، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇش؛ بىر قولدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشىنى تۇتۇش؛ بىر قولدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا دېموكراتىيە-قانۇنچىلىقنى تۇتۇش دېگەندەك بىر قاتار «ئىككى قولدا تۇتۇش» ئىدىيىسى ئۇنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سىستېمىلىقلىقىغا بولغان تونۇشىنى ۋە ئىشەنچىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئومۇمىي ئەھۋال ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش بىلەن بىرگە، چوقۇم مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، نېگىزلىك زىددىيەتنى ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى تۇتۇش، مەركىزىي ھالقىنى تۇتۇش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئومۇمىي خىزمەتنى يېتەكلەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھازىرقى زامان جۇڭگودىكى ئەھۋال مۇرەككەپ، زىددىيەت كۆپ، ئەمما ئەڭ ئاساسلىق زىددىيەت شۇكى، ئاھالە كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز، ئاساسىمىز ئاجىز، ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكىدا ئارقىدا قالدۇق. بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت، مانا بۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ھايات-ماماتىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا قويۇلمايدىغان، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆسمەيدىغان، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانمايدىغان، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاشمايدىغان، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى ياخشىلانمايدىغان بولسا، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمىمىز ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمىمىزنى تولۇق مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ، ئېلىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ.» (2-توم، 183-بەت) شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى باشتىن-ئاخىر چىڭ

تۈتۈش، مۇشۇ ئومۇمىيلىققا زىچ ماسلىشىش، مۇشۇ ئومۇمىيلىق ئاستىدا ھەرىكەت قىلىش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ قارايدۇ: زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، پەن-تېخنىكىغا ۋە مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىش لازىم. «ئىككى قولدا تۇتۇش»تىن ئىبارەت مۇرەككەپ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ ھامان ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھەر بىر مەزگىلدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە ئاساسەن، «ئىككى قولدا تۇتۇش»نىڭ مەلۇم مەزگىلدىكى مۇھىم نۇقتىسىنى بەلگىلەپ بەردى. لېكىن، ئۇ مۇھىم نۇقتىنى ئورنىغا دەسسىتىشكە، باشقا تەرەپلەرنىڭمەزگىللىك ۋە بىرەر جايدىكى مۇھىم نۇقتىنى دەپ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندىن چەتنەشكە ھەرگىز يول قويمىدى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ سىستېمىسى مۇھىم نۇقتىغا ئىگە سىستېما، مۇھىم نۇقتا سىستېما ئىچىدىكى مۇھىم نۇقتىدۇر، بۇ سىستېما بىر نۇقتىنىلا تەكىتلەش ياكى مۇھىم نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقتەك يېتەرسىزلىكتىن خالىي بولۇپ، تەدبىرنى ھەم «ئاساسنى تۇتۇپ ھەممە ئىشنى يۈرۈشتۈرۈش»، ھەم بىر تەرەپنى دەپ، يەنە بىر تەرەپنى تاشلاپ قويماي، سىستېمىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، تەدبىرنىڭ قاراتمىلىقى، مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆھبەتلىرى ۋە مۇھىم تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ئىدىيىدە باشتىن-ئاخىر يۈكسەك ئىزچىللىق ساقلاپ قېلىنغان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئومۇمىيلىق ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇشقا، سىستېما ئىچىدىكى مۇھىم نۇقتىنى ئىگەللەشكە شۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن مۇناسىپ سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ماھىر بولغانلىقى بۇنىڭ سەۋەبىدۇر. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنى تولۇق نامايان قىلدى.

## پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنى يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش — دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ بەشىنچى ئالاھىدىلىكى

دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ قارايدۇ: تەدبىر كۆرۈش جەريانىدا، ھەم ئىنقىلابىي پرىنسىپاللىقتا چىڭ تۇرۇش، ھەم تاكتىكىلىق جانلىقلىقنى يولغا قويۇش كېرەك. بىر تەرەپتىن، مۇھىم پرىنسىپال مەسىلىلەردە ۋە چوڭ ھەق-ناھەقلىق مەسىلىلىرىدە، قەتئىي چىڭ تۇرۇش، باشتىن-ئاخىر بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك، مۇرەسسە قىلىپ يول قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ نۇقتا مۇھىم تارىخىي پەيتلەردە ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

مەسلەن، 1975-يىلى، ئۇ "تۆت كىشلىك گۇرۇھ"نىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، قايتا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە قارىماي، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە دادىللىق بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىشنى يولغا قويدى. 1977-يىل 4-ئايدا، ئۇ خىزمەتتە رەسمىي ئەسلىگە كەلمىگەن بولسىمۇ، "ئىككى ئومۇمەن"دىن ئىبارەت خاتا نۇقتىئىنەزەرگە قارىتا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىسىنى تولۇق، توغرا ئىگەللەش كېرەك، دەپ ئوچۇق پوزىتسىيىدە ئوتتۇرىغا قويدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئۇ تەكىتلەپ كەلگەن بىر قاتار مۇھىم پرىنسىپلار ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ پرىنسىپال قەتئىيەتلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئومۇمىي پرىنسىپتا، چوڭ يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، دېڭ شياۋپىڭ تاكتىكا، ئۇسۇل، چارە ۋە تەدبىرلەرنىڭ خىلمۇخىل ۋە جانلىق بولۇشىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ "ئومۇمىي يۆنىلىشى، ئومۇمىي پرىنسىپى بارلىققا كەلدى، كونكرېت قائىدە-نىزاملارنى سىناق داۋامىدا قەدەممۇقەدەم ئورنىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ."(3-توم، 289-بەت) ئۇ، كىشىلەرنى ئەمەلىيەت داۋامىدا تەجرىبە توپلاشقا، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشقا، كونكرېت سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئۈزلۈكسىز تۈردە تۈزۈپ چىقىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇنى تەڭشەشكە، شۇ ئارقىلىق، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋاللارغا ماسلىشىشقا رىغبەتلەندۈردى، بۇنداق "چوڭ يۆنىلىش جەھەتتە چىڭ باشقۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇش"، "كىچىك جەھەتتە ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش" دېگەن قائىدە ھەر خىل ئاكتىپ ئامىللارنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە جانلىق، جۇشقۇن ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

شياڭگاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تەدبىر كۆرۈش سەنئىتى ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىلەندى. بۇ مەسىلە ھەم تارىخقا چېتىلىدۇ، ھەم ئىنتايىن رېئاللىققا ئىگە؛ جۇڭگوغىمۇ مۇناسىۋەتلىك، ئەنگلىيىگىمۇ چېتىشلىق؛ بۇنىڭدا مىللىي مەسىلىمۇ، ئىجتىمائىي تۈزۈم مەسىلىسىمۇ بار، قانداق قىلغاندا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنىمۇ قوغداش، شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە مۇقىملىقىنىمۇ ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ دېڭ شياۋپىڭ "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" پىكرىنى ئىجادىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويدى. بىر جەھەتتىن، ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت چوڭ پرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇردى. 1982-يىلى، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى ساچېر خانىم بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: 1997-يىلى جۇڭگونىڭ شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى "ئىگىلىك

هوقۇقى مەسلىسىدۇر، جۇڭگو بۇ مەسلىدە ئىمكانىيەت قالدۇرمايدۇ»، «ئەگەر شياڭگاڭنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلىقىنى جاكارلاش، خانىم ئېيتقاندەك، «ئاپەت خاراكتېرلىك تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ»غان بولسا، بىز بۇ ئاپەتكە باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىپ تەدبىر كۆرىمىز.» (3-توم، 27-بەت) يەنە بىر جەھەتتىن، شياڭگاڭنى ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش شەرتى ئاستىدا، بۇ ئىشنىڭ كونكرېت يولى ۋە چارىسى جەھەتتە، ئۇ يۈكسەك جانلىقلىقنى ئىپادىلىدى. ئۇ شياڭگاڭلىق بىر قىسىم مەشھۇر زاتلارنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: شياڭگاڭنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشنى كۆزدە تۇتۇپ، «ھۆكۈمىتىمىز 1997-يىلى شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شياڭگاڭنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ئۆزگەرمەيدۇ، قانۇنلىرى ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرمەيدۇ، شياڭگاڭنىڭ ئەركىن پورت ۋە خەلقئارا سودا مەركىزى، پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇش ئورنىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، شياڭگاڭ باشقا دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالسا ۋە راۋاجلاندۇرسا بولىدۇ...بېيجىڭ شياڭگاڭغا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتكەندىن باشقا، شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونلۇق ھۆكۈمىتىگە كادىر ئەۋەتمەيدۇ.» (3-توم، 117-بەت) شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار باشقۇرۇش» يولغا قويۇلىدۇ. دېمەك شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىنتايىن زور مۇمكىنچىلىك ۋە رېئال ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلگەن. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ تەدبىرى تامامەن توغرا، بۇ تەدبىر پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزملىق دىئالېكتىك ئىدىيىنى ۋە يۈكسەك تەدبىر كۆرۈش سەنئىتىنى نامايان قىلغان، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ ئىلمىي تەدبىر كۆرۈشى، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن.

**(ئاپتۇر لو شياۋفەن خۇنەن ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىي رەئىسى، تەتقىقاتچىسى، جو فايۈەن «خۇنەن ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى، لو خۇڭچۈەن ج ك پ چاڭدې شەھىرى يېڭى شەھەر رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: تەلئەت ئىبراھىم**
**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتىمىز كىتابخانىلارغا تۆۋەندىكى كىتابلارنى پوچتا ئارقىلىق سېتىپ بېرىدۇ

1. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ دىن توغرىسىدا 3.90 يۈەن
2. ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرىدىن تاللانما—ماركسىزم تەرەققىي قىلىدىغان نەزەرىيە 5.50 يۈەن
3. دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى بايانلاردىن مەخسۇس ئۈزۈندىلەر 5.50 يۈەن
4. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى 1.90 يۈەن
5. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى (1990) 2.50 يۈەن
6. توپ چۆلپاننىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى 6.50 يۈەن
7. سۇي-تاڭ سۇلالىلىرىدا غەربىي دىياردا ئۆتكەن سەنئەتكارلار 4.70 يۈەن
8. ئاجايىپ ئالتۇن 3.30 يۈەن
9. يېڭى دولقۇن 9.50 يۈەن
10. قىزىل تام ئىچىدىكى دەقىقە 8.30 يۈەن
11. داۋانلىق يوللار 3.80 يۈەن
12. قامچا 6.00 يۈەن
13. يۇلتۇزلۇق كېچە 2.80 يۈەن
14. ئېھ، ئانا يەر 1.85 يۈەن
15. ئەدىب، ئەسەر ۋە باھا 3.50 يۈەن
16. ئەقىل-پاراسەتكە دائىر ھېكايىلەر 7.20 يۈەن
17. ماناس 5.00 يۈەن
18. ئەلۋىدا كۆز يېشىم 2.50 يۈەن
19. سېھىرلىك ھەيكەل 3.80 يۈەن
20. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر 3.15 يۈەن
21. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى 10.00 يۈەن
22. خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تەبىئىي جۇغراپىيە لۇغىتى 4.80 يۈەن
23. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى 35.00 يۈەن
24. پارتىيە تەلىماتى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى ئوقۇتۇش پروگراممىسى 3.20 يۈەن

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号：2—373 定价：1.50元 邮政编码 100013